مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تورىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE

MIRAS 美拉斯 MIRAS



# مىراس

3
2006

ISSN 1004-3829



مېنىڭ يېزام — ئىسمائىل ئىسهاق سىزغان



# مىراس


قوش ئايلىق ژۇرنال    2006 ـ يىل 3 ـ سان

(ئومۇمىي 95 ـ سان)


## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى


يېپىق بىلىملىرىمىزنى قازايلى............ ئابدۇقادىر جالالىدىن (1)
بەدىئىي سۈرەت ـ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى........... ئەخمەتجان ئەختەم (20)
«يۈسۈپ ـ زۇلەيخا» قىسسىسىدە ئىپادىلەنگەن گۈزەللىك قاراشلى-
رى........................ رەيھانگۈل ئېلى (43)
مەشرەپ ھەققىدە........................ خۇدابەردى ئابىخان (50)


## مەنىۋىيەت يۇلتۇزلىرى


ئاتاقلىق مۇقامچى كارۇشاڭ ئاخۇنۇم..................... مەمتىمىن ھوشۇر (9)


## ئايدىڭ كېچىلەر


ئالتۇندەك بالىكەنلا........................ توپلىغۇچى: رۇقىيە ئابلىكىم(16)


## مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ ئىشنى ئۆزۈڭدىن باشلا


بىزنىڭ تۇرمۇش........................ نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت (17)


## ساقلىقىڭ ـ شاھلىقىڭ


ئوردا رېتسېپلىرى........................ ھاپىز نىياز (23)


## دۇنياغا نەزەر


بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنا جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ئىززەت بېگو-
ۋىچ........................ يالقۇن روزى تەرجىمىسى (33)


## ھېكمەت خەزىنىسى


خۇلۇقنامە........................ شەمسۇمائالى قابۇس (پارىس) (39)


## كۈلكە ـ جان ئوزۇقى


يۇمۇرلار........................ ئەزىزە تۇيغۇن تەرجىمىسى (48)


## ئادەت قىرىماس


ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ چاچ گۈزەللىكى.......... توختىخان ئىسمائىل (55)
ئۇيغۇرلاردا جۇۋان توي........................ مۇھەممەد ئىمىن سابىر (70)






باش مۇھەررىر:
**يۈسۈپ ئىسھاق**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**تۈزگۈچى:** «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
TEL: ( 0991) 4554017

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 - 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 - 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 _ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E-mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
باھاسى 5.00 يۈەن
تاق ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

**بىزنىڭ ئۇرانىمىز — مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت !**

**بىزنىڭ قوغدايدىغىنىمىز — ئىلغار مىللىي مەدەنىيەت !**


ئەينەك

بەھرىمەن بولۇۋاتقانلار، مەھرۇم قېلىۋاتقانلار...... يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق (57)

كەچمىش - كەچۈرمىشلەر

دادام ئېيتقان ھېكايىلەر............ تەييارلىغۇچى: ئابدۇشۈكۈر ئىمىن باھاۋۇدۇن تارىخ (63)

ئەلنىڭ قولىقى ئەللىك

تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت نېمىشقا ئۆچمەيدۇ........... ئەسەت سۇلايمان (65)

ئاداش - ئاداش بولايلى

تېپىشماقلار........................................ توختاش بەكرى (69)

يا ئىشەن، يا ئىشەنمە

بېشارەتتىن ئىشارەتلەر................................ ئەركىن سابىر (75)


## 主 要 目 录


知名的《木卡姆》奇喀如香阿訇……………………买买提明·乌守尔
让我们开发民间的隐形知识……………………阿不都卡德尔·加拉里丁
维吾尔官廷秘药……………………阿霹孜·尼亚孜
论维吾尔麦西莱甫……………………胡达拜尔地·阿毕汗
维吾尔妇女的发辫之美……………………托惠特汗·司马依
维吾尔人的少妇礼……………………买买提明·沙比尔
长辈们讲述的故事……………………阿不都秀库尔·依明巴吾东·塔里赫


مۇقاۋىدا: ئۇيغۇر يىگىتى. كىيىمنى دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك كىيىم لايىھىلىگۈچى خانىش ھاپىز لايىھىلىگەن. يۈسۈپجان تۇرسۇن فوتوسى


Chief editor: Yusup Is"haq
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin


**جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ «ئىنسانىيەت ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرى» قىلىپ بېكىتىلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!**

**我们要抢救传统文化**

**我们要保护传统文化**

**我们要弘扬传统文化**


主编:
玉素甫.依莎克
副主编:
穆合塔尔.穆罕默德
责任编辑:
胡尔仙阿依.买买提明

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 22 号文联 14 层)
电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I 国外统一刊号:ISSN1004—3829 邮政代号:58—60
E-mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
邮编:830001
定价:5.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: " Miras" (Heritages) editorial department
22# 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65-1130/I
Print number abroad: ISSN1004-3829
PostCode : 58 - 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 5¥



# پىيىق بىلىملىرىمىزنى قازايلى

ئابدۇقادىر جالالىدىن
تاماق پۇل ئەمەس، مەدەنىيەت پۇل ــ كىرەم مامۇت (شىنجاڭ
مىراج يېمەك ـ ئىچمەك چەكلىك شىركىتىنىڭ لىدىرى)

بىلىم توغرىسىدىكى تەتقىقات راسا ئەۋج ئېلىۋاتقان، بىلىم بىر شەخسنىڭ ياكى بىر دۆلەتنىڭ ئەۋزەللىكىنى بەلگىلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، تەخمىنەن مىڭ يىللار بۇرۇنقى بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق بۈيۈك ئەسىرىنى نەزەرگە ئالماي تۇرالمايمىز، بۇ ئەسەر ئىنسان بىلەن ئىلاھ، ئىنسان بىلەن تەبىئەت، ئىنسان بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى بىلىشنى مەزمۇن قىلغان مۇناسىۋەت ئۈستىدە ئەتراپلىق توختالغان. ئەسەردىكى ئودغۇرمىش مول بىلىمگە ئىگە دانىشمەن كىشى بولۇشقا قارىماي، بۇ دۇنيانى بىر ئۆتەڭ دەپ قارايدىغان، پانىي جاھان ئىشلىرىغا قىزىقمايدىغان تەركىي بار، ئۇ پادىشاھ كۈنتۇغدى ۋە ئەقىل ـ پاراسەت سىمۋولى بولغان ئوگدۈلمىشنىڭ ئوردا خىزمىتىگە تەكلىپ قىلىپ يازغان خېتىگە ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدۇ. بۇ ھال ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر زىيالىيلار ئەنئەنىسىدىكى رىئاللىقنى چىقىش قىلىش بىلەن زاھىدلىقتا بېرىلىش ئوتتۇرىسىدىكى تاناسىپلىقنىڭ كىچىككىنە يىپ ئۇچى. ئىسلامىيەتكە قەدەم قويغان ئۇيغۇر جەمئىيىتى دەسلەپكى بىر قانچە ئەسىرلەردە ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتتىكى قالتىس گۈللىنىش مەنزىرىسىنى نامايان قىلدى. بۇ ھال ئۇلۇغبېك دەۋرىگىچە داۋام قىلىپ، كېيىنچە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن تەركىدۇنيالىق باش كۆتۈردى. غەرب قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش ئىستىلىنىڭ تەھلىكىسى ئاستىدا قېلىۋاتقان ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئوگدۈلمىش ئەنئەنىسىنىڭ ئورنىنى نېمە ئۈچۈن ئودغۇرمىش ئەنئەنىسىنىڭ ئىگىلەپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا خىيالغا پاتىمىز. دەۋرىمىز ئىقتىسادىي قىممەتكە ھامىي بولىدىغان بىلىملەرنى قاتتىق تەكىتلەۋاتىدۇ، پەن ـ تېخنىكا گويا زامانىۋىلىقنىڭ ئەنگۈشتىرىگە ئايلاندى. مىللىيچە قىممەت قاراشقا ياتىدىغان تارىخ، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلىملىرى ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئالاقىسى بولمىغان بىلىملەر سۈپىتىدە قارىلىپ، ئېتىبارسىز قېلىشقا باشلىدى. جۈملىدىن، بىلىمنىڭ پايدىسى توغرىسىدا خېلى مۇكەممەل ئوچۇقلىما بەرگەن «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭمۇ قەدىر ـ قىممىتىنىمۇ تونۇپ يېتەلمىدۇق، چارۋىچىلىق، يېزا ئىگىلىك، باغۋەنچىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىككە ياتىدىغان بىلىم قاتلاملىرىمىزمۇ بىپەرۋا مۇئامىلىگە يولۇقۇۋاتىدۇ. بىز «قۇتادغۇ بىلىك»كە ئىنچىكىلەپ قارايدىغان بولساق، ئەسەردە پادىشاھلىق، ۋەزىرلىك، ھاجىپلىق قاتارلىق ھۆكۈمدارلىق ئىشلىرى ۋەزىمن تىلغا ئېلىنىش بىلەن بىرگە ئەلچىلەر، ئالىملار، خەزىنىدارلار، ئاشپەزلەر، تېۋىپلار، دېھقانلار، سودىگەرلەرنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدىمۇ مەلۇماتلار بار.

جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ھۈنەر ـ كەسىپ ئىگىلىرىگە ئائىت
بىلىملەر ھۆكۈمدارلىقتا ئائىت بىلىملەردىن قالسىلا مۇھىم
ئورۇن تۇتىدۇ. كۆرۈشكە بولىدۇكى، «قۇتادغۇ بىلىك»تە
بىلىم توغرىسىدىكى قاراش مۇئەييەن قاتلامنى شەكىللەن-
دۈرگەن بولۇپ، بۇلار ھازىرقى «بىلىم ئىگىلىكى»
دەۋرىدە تەتقىقات قىممىتى زور بولغان تېمىلاردۇر.
«قۇتادغۇبىلىك» جەمئىيەتشۇناسلىقتا ئائىت كاتتا ئەسەر-
دۇر، شۇنداقلا بىلىمشۇناسلىققا دائىر كاتتا ئەسەردۇر. بىز
بۇ ئەسەردىن تېپىك بىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقىنى
ھەمدە غايىۋى تەسۋىرىنى تەڭ كۆرىمىز، بۇ جەمئىيەتتە
تۈرلۈك ھۈنەر ـ كەسپلەر بار، بۇ ھۈنەر ـ كەسپلەرگە
دائىر رىسالىلەر بار. ھۈنەر ـ كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ ۋۇجۇ-
دىغا سىڭىشىپ كەتكەن بىلىملەر بار. ئۇيغۇرلار ئەينى
ۋاقىتتا غەرب ۋە شەرققە، جۈملىدىن، ئوتتۇرا ئاسىياغا
مەشھۇر قىلغان ئامىللارنىڭ يەنە بىرى ئۇلارنىڭ پۇختا،
نەپىس قول ھۈنەر مەھسۇلاتلىرىدۇر. ئۇيغۇر قول ھۈ-
نەرۋەنچىلىكى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد راۋاجلىنىپ ۋە داۋام قىلىپ
بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ خىرى-
سىغا دۇچ كەلدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئىزچىللىقى خەلقى-
مىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كەت-
مىدى. ئۇنداقتا، ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى قانىداق
شەكىلدە داۋام قىلدى؟ ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلىرىدىكى بىلىم-
نىڭ مەزمۇنى قانداق؟ بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بې-
رىش ـــ بىلىم ۋە ئىجادىيەتنى شوئار قىلغان بىلىم دەۋرىدە
تولىمۇ ئەھمىيەتلىك.

مەن 2002 ـ يىلى كۈزدە ياپونىيىنىڭ قەدىمىي شە-
ھىرى كيوتوغا ساياھەت قىلىپ بارغىنىمدا، كيوتودىكى
داڭلىق بىر قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەركىزىنى كۆرگەنىدىم،
بۇ يەردىكى مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممىسى قول بىلەن يا-
سالغان بولۇپ، ياپون خەلقىنىڭ ئەلمىساقتىن بېرى دا-
ۋاملىشىپ كەلگەن ساپ مىللىي مەدەنىيىتىنى تولۇق ناما-
يان قىلاتتى. كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان بۇ
نەرسىلەر يۈكسەك زامانىۋىلاشقان ياپونىيىدە يۈكسەك
ئېتىبارغا سازاۋەر ئىكەن، مىليونلاپ چەت ئەللىك سايا-
ھەتچىلەرنى كۈتۈۋالىدىغان كيوتو شەھىرىدە مەزكۇر قول
ھۈنەر بۇيۇملىرى كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش
بىلەن بىرگە زامانىۋىلىك دولقۇنلىرىدا ئۆزىنى يوقاتماي
ياپونچە مەدەنىيەتنىڭ خاراكتېرىنى نامايىش قىلاتتى.
2004 ـ يىلى كۈزدە يازغۇچى ۋە ژۇرنالىست ئەبەيدۇللا
ئىبراھىم ئاكىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن بىر تۈركۈم قەلەم-
كەش دوستلار قاتارىدا دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى
ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولۇپ قالدىم.
مەن بۇ سورۇندا، ئىسمائىل ئەھمەد ئەپەندىگە كيوتودا
كۆرگەنلىرىمنى سۆزلەپ، ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ
مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد جەھەتتىكى قىممىتىنى جارى قىل-
دۇرۇش ئۈچۈن بىر قانچە نۇقتىلاردا قول ھۈنەرۋەنچى-
لىك مەركىزى قۇرۇپ خەلقىمىزنىڭ بۇ پارلاق ئەنئەنىسىنى
قۇتقۇزۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەنىدىم، ئىسمائىل
ئەھمەد ئەپەندىمۇ 80 ـ يىللاردىكى بىر قېتىملىق ياپونىيە
زىيارىتىدە، بىر مۇزېيدىن ئۇيغۇرچە بۆشۈكنى كۆرۈپ
قاتتىق ھاياجانلانغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. قول ھۈنەر-
ۋەنچىلىك خەلقىمىزنىڭ ئەينى دەۋرلەردە بارلىققا كەل-
تۈرگەن ئۆزىگە خاس سانائىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ
سانائەت ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەر مەدەنىيىتى، بازار ۋە
مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، شۇنىڭدەك
ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى ياشاپ كەلگەن جۇغراپىيىلىك مۇھى-
تىغا يارىشا شەكىللەندۈرگەن بىلىم خەزىنىسىدىن دېرەك
بېرىدۇ. بىز كاۋاپ ۋە كاۋاپداندىن ئىبارەت مۇشۇ ئېلې-
مېنتلارغىلا قاراپ باقايلى، كاۋاپدان جۇڭگونىڭ زامانىۋى
شەھەرلىرىنىڭ كوچىسىدا ئۆزىنىڭ خېرىدارلىرىنى تاپال-
دى ھەمدە مەلۇم مەنىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بەلگىسى بولۇپ
قالدى، كاۋاپدان خۇيزۇلارنىڭ راگېزىخانىسى ۋە كالا
گۆشلۈك ئۇگرىخانىسىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىپ، بىر
تۈركۈم كىشىلىرىمىزگە تۇرمۇش يولى ئاتا قىلدى، ئەگەر
كاۋاپتىن ئىبارەت مەھسۇلاتنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ
بازار كۆچى توغرىسىدا ئىزدەنسەك، بۇ تېمىدىن نەچچە-
لەپ ئىقتىساد، مەدەنىيەت دوكتورلىرىغا ئېرىشىشىمىز
مۇمكىن. ۋەھالەنكى، بۇ پەقەت ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەھ-
سۇلاتلىرىدىن پەقەت بىرى، ئۇنىڭ رولى مەلۇم دائىرىدە
جارى بولغاندىكى قىممىتى يۇقىرىقىدەك، بىز ھەر قېتىم
«پەن ـ تېخنىكا» دېگىنىمىزدە ئاتوم بومبىسىنى، كومپ-
يۇتېرنى، كەينى كەينىدىن ئاسمانغا قويۇپ بېرىلگەن را-
كېتالارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ، ياغۇنچاقلىرىمىزدى-
كى فىزىكىنى، توقۇمىچىلىقىمىزدىكى خىمىيىنى، دورىگەر-
لىكىمىزدىكى بىئولوگىيىنى ئۇنتۇپ كېتىۋاتىمىز. ئەمەلىيەت
شۇ بولدىكى، بىز زامانىۋى بىلىملەرنىڭ ئەھلى بولغۇچە
يەنىلا يەرلىك بىلىملەرگە ئاساسلانغان قول ھۈنەرگە تا-
يىنىپ ياشاۋاتىمىز، ھازىرقى ئۇيغۇر ئىگىلىكلىرى ئاساسەن

دېگۈدەك يەرلىك بىلىملەرگە كۆپرەك تايىنىۋاتىدۇ. ئەجەبا، بۇ بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىز ۋە ئاكادېمىيىلىرىمىزدىكى تەتقىقاتچىلارغا سىگنال ئەمەسمۇ!؟

شىنجاڭ تېلېۋىزىيىسىنىڭ ئۇيغۇرچە «كۆڭۈلدىكى سۆز» پروگراممىسىدا رىياسەتچى ئۈمىد غەنى خوتەن قەغەزچىلىكىنىڭ ھازىرقى ۋارىسى 80 ياشلىق توختى باقى بوۋاي بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى، سۆھبەتتە توختى بوۋاينىڭ ئوغلىمۇ بار ئىدى. ئۇيغۇرچە تۇماق كىيگەن، ئاپئاق ساقاللىق توختى بوۋاي گويا ئۇنتۇلۇشقا باشلاۋاتقان سۆيۈملۈك ئەنئەنىۋى قىياپەت ئارقىلىق ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننى ئۇلاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. نەچچە ئەۋلاد مابەينىدە توختى بوۋاينىڭ جەمەتى خوتەن قەغىزى ياساپ تىرىكچىلىك قىلغان ئىكەن، مانا ئەمدى خوتەن قەغىزىنىڭ بازىرى ئۆلۈپ، توختى بوۋاينىڭ قەغەزدىن كىرىدىغان كىرىمى تۈگەپتۇ. «بازىرى بولمىسا نېمىشقا قەغەز ياسايسىز؟» دەپ سورالغاندا، توختى بوۋاي «ئاتا ـ بوۋام قىلىپ كەلگەن ئىشنى تاشلىۋەتكىلى بولامدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. مەن ئاشۇ ساغلام، پەرىشتە سۈپەت قەغەزچى بوۋاينىڭ ھامان بىر كۈنى كىشىلەر ئارىسىدىن يوقاپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىچىمگە تىنىۋەتتىم، ئەجەبا، بۇ مۇبارەك ئۆتمۈش بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىشتىن دېرەك بېرەرمۇ؟... بوۋاينىڭ ئوغلى تۇرسۇن باقى قەغەزنىڭ ياسىلىش جەريانىنى چۈشەندۈردى. تۇرسۇن باقى قولىغا ماتېرىياللارنى ئېلىپ كۆپلىگەن تېخنىكىلىق جەريانىنى ئىما ـ ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتتى. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ يەردە ئىككى خىل تىل بار. بىرى، ئىشارەت تىلى، ئۇ مۇئەييەن ھەرىكەتنى بەلگە قىلىپ، نەق مەيداننى بىر قىسىم نەرسىلەرنى شەرت قىلغاندا مەنە بىلدۈرەتتى؛ يەنە بىرى، تۇرسۇن باقىنىڭ دېمەكچى بولغانلىرى، زادى تۇرسۇن باقىنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرى ئۇنىڭغا كۆڭۈلدىكىنى تولۇق ئېچىپ بەرگەنمىدۇ، بۇنىڭ كېسىپ بىر نەرسە دېمەك تەس ئىدى.

بىز بىلىمنىڭ تۈرلىنىشىگە ئائىت ماقالىمىزدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، بىز ئۆزىمىزدىكى بىر قىسىم بىلىملەرنى روشەن دەلىل ۋە قائىدە ـ پرىنسىپلار بىلەن چۈشەندۈرەلەيمىز، بىر قىسىم بىلىملەرنى تولۇق چۈشەندۈرۈشكە قادىر بولالمايمىز، بۇنداق بىلىملەرنى كونكرېت بىر ئىشنى بېجىرىش داۋامىدىلا نامايان قىلالايمىز، ئاۋۋالقىسى كىتاب، فورمۇلا، قوللانما دېگەندەك شەكىللەرگە كىرگەن بولىدۇ، كېيىنكىسى، ھەرىكەتتە زاھىر، گەپتە باتىن (مەۋھۇم) بولىدۇ. ياپونىيىلىك نوناكانىڭ ئىزاھلىشىچە، ئاۋۋالقى بىلىم ئوچۇق بىلىم، كېيىنكىسى يېپىق بىلىمدۇر. بۇنى ئامېرىكا يېڭى جېرسىي شتاتىدىكى بىر تەربىيىلەش ئورنىنىڭ مەسئۇلى بولغان كىشى فرېدنىكولس (Fred Nickols)نىڭ ئىزاھاتى بويىچە ئەسلەپ ئۆتىمىز:

ئوچۇق بىلىم (ئىنگلىزچە Explicit Knowledge، خەنزۇچە 显性知识) ئېنىق بايان قىلىپ بەرگىلى بولىدىغان بىلىم بولۇپ، ئۇنى تېكىست، جەدۋەل، گرافىك، چۈشەندۈرۈش ھالىتىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. يېپىق بىلىم (ئىنگلىزچە tacit knowledge، خەنزۇچە 隐性知识) ئېنىق بايان قىلىپ بەرگىلى بولمايدىغان بىلىم بولۇپ، كونكرېت ئىش ـ ھەرىكەتتە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ ①.

خوتەن قەغىزىنىڭ قانداق ياسىلىدىغانلىقىنى تۇرسۇن باقىنىڭ بايانلىرىدىن بىلمەك تەس، ئەڭ ياخشىسى بىز توختى بوۋاي بىلەن تۇرسۇن باقىنىڭ خوتەن قەغىزىنى ياساش ئەمەلىيىتىگە قارىشىمىز لازىم. ئۇلارنىڭ تىل ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن بىلىملىرى دەل مۇشۇ نەق مەيداندىن ھەقىقىي ئايان بولىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، توختى بوۋاينىڭ قەغەز ياساش تېخنىكىسىغا يوشۇرۇنغان بىلىملەر يېپىق بىلىملەر بولۇپ، بۇنداق بىلىملەر ئەمەلىي مەشغۇلات، قېزىش، سىناق قىلىش، تەكشۈرۈش، لايىھەلەش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئېھتىياجلارنى چۈشىنىشكە ئوخشاش بىر قاتار ئىشلاردا كۆرۈلىدۇ ھەم ئىگىلىنىدۇ. خەلققە تونۇلغان بىر شائىر سۆزلەرنى جايىدا ئىشلىتىپ، پاساھەتلىك، گۈزەل مىسرالارنى تۈزگەندە، ئۇنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا ئويلىنىپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى يوشۇرۇن ئاڭغا ئايلىنىپ كەتكەن ماھارەتلىرىنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئىشقا سالىدۇ، فونېتىكا، لېكسىكا، گرامماتىكا، مۇزىكىغا ئائىت بىلىملەر شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە يوشۇرۇن رول ئوينايدۇ، تىلشۇناسلار شائىر ئىستىخىيىلىك ھالدا پەيدا قىلغان ئۆرنەكلەرنى تەھلىل قىلىپ، ئېنىق، روشەن بىلىملەرگە، نەزەرىيىۋى ئۇقۇملارغا ئايلاندۇرىدۇ. شائىر شېئىر يازغاندا بوغۇملارنى بارمىقى بىلەن ساناپ ئولتۇرمايدۇ، لېكىن، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ۋەزىننىڭ تەلىپىگە تولۇق بويسۇنىدۇ. مانا بۇ

شائىرنىڭ ئىجادىيىتى داۋامىدىكى يېپىق بىلىم. بىر پارچە
شېئىر ئون نەپەر دېكلاماتسىيىچى تەرىپىدىن دېكلاماتسىيە
قىلىنغاندا، ئون خىل ئاھاڭدا چىقىشى مۇمكىن، سۆزلەر-
نىڭ ئىنتوناتسىيىنى چىقىرىش دېكلاماتسىيىچىدىكى دىت
بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. بۇ دىت دەل يېپىق بى-
لىمدۇر. مەشھۇر خەلق ناخشىچىسى ئابدۇرېھىم ئەخمىدى
«يارۇ»، «ئورما ناخشىسى» قاتارلىق ناخشىلارنى ئو-
رۇندىغاندا، كىشى تەبىئىي هالدا ناخشىدىكى غايىۋانە مۇ-
ھىتنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىدۇ. بۇ ناخشىلارنى
ئۇچتۇرپانلىق سەنئەتكار ئابدۇللا ياسىن قايتا ئورۇندى-
دى. گەرچە ئابدۇللا ياسىننىڭ ئىجراسى خېلى مۇۋەپپە-
قىيەتلىك چىققان بولسىمۇ، كىشىلەرگە مەرھۇم ئابدۇرېھىم
ئەخمىدىنى ئەسلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، ناخشىلارنىڭ
ئىككى خىل ئىجراسىدىكى پۇراقتا خېلىلا ئېنىق پەرق بار.
ھەر ئىككى ناخشىچى ناخشىلاردىكى تېكىست ۋە مۇزى-
كىنىڭ تەلىپىگە بويسۇنماي قالمايدۇ، بۇ يەردىكى پەرقنى
قانداق چۈشىنىش مۇمكىن؟ بۇ يەردە ھەر ئىككى ناخ-
شىچى تېگىشلىك بولغان ئوچۇق بىلىملەرنى ئىشقا سېلىش
بىلەن بىرگە ئىزاھلاپ كۆرسەتكىلى بولمايدىغان، پەقەت
ئىجرا جەريانىدىلا ھېس قىلغىلى بولىدىغان يېپىق بىلىم-
لەرنى ئىشقا سالغان. ئادەتتە، يېپىق بىلىملەر خاراكتېر
جەھەتتىن ئىندىۋىدۇئال بولۇپ، شەخسنىڭ ئىجادىيىتىدە،
مەشغۇلات ئەمەلىيىتىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.
ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلىرى شاگىرتلىرىغا ھۈنەر ئۆگەتكەندە
كىتابلاشقان نەزەرىيىگە ياكى قوللانمىغا تايانمايدۇ، بەل-
كى، شاگىرتنى كونكرېت ئىشلاردا ھەمكارلاشتۇرىدۇ،
قول سېلىپ ئىشلەشكە دالالەت قىلىدۇ، «مۇنۇ ئىشنى
مۇنداق قىلسەن» دەپ شاگىرتىغا ئۈلگە كۆرسىتىدۇ،
شاگىرتى ئۇستىسىنىڭ ھەرىكىتىنى تەقلىدىي ئۆزلەشتۈ-
رۈپ، ئىشنىڭ باسقۇچلىرىنى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ تەرتىپىگە
ئايلاندۇرىدۇ. ھۈنەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى بەدەندىكى ئور-
گانىزملارنىڭ ھەرىكىتى بىلەن بولىدۇ، قول بىلەن پۇت
ھۈنەر مەشغۇلاتلىرىدا بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان
رولچىلاردۇر. يېپىق بىلىملەر كۆپ ھاللاردا ھۈنەرۋەن-
لەرنىڭ قولىدا ياكى پۇتىدا بولىدۇ، قول بىلەن پۇت گو-
ياكى يېپىق بىلىملەر ئورۇن ئالغان بىئودېسكىدۇر. پىشقان
ئەتلەسچى ئەتلەسنىڭ تاختىسىنى بارمىقى بىلەن تۇتۇپلا
بىلەلەيدۇ، پىشقان ئاشپەز ئۆزى ئەتكەن شورپىدىن بىر
قوشۇق ئوتلاپلا، تۇز - تەمنىڭ كۆزلىگەن دەرىجىگە
بارغان - بارمىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ. مەلۇم بىر ئىشقا مۇ-
تەخەسسىس بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ پۇت - قوللىرى،
كۆز - قۇلاقلىرى، بۇرۇن ۋە ئېغىزلىرى بىر نەرسىنى تو-
نۇشتەك فۇنكسىيىلەر قاچىلانغان ئالاھىدە ئاپپاراتقا
ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇستا تېۋىپ بىمارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ
كېسەللىكلەرنى بايقايدۇ، بىمارنىڭ كۆزى، تىلى ۋە تېرى-
سىدىكى قانداقتۇر ئالامەتلەرگە ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرى-
دۇ، رېتسېپ تەييارلايدۇ. بۇ يەردە بىلىم يەنى يېپىق بىلىم
ئالاھىدە رول ئويناۋاتىدۇ.

بىز يېپىق بىلىم بىلەن ئوچۇق بىلىمنىڭ پەرقىنى
چۈشىنىشتە مۇنداق ئاددىي بىر مىسالنى ئېلىپ كۆرەيلى:
بىر تامچە يامغۇر پېشانىمىزگە تەگسە بىز ئۇنىڭ سۇ ئى-
كەنلىكىنى بىلىمىز، ئەمما، ئۇنىڭ $H_2O$ ئىكەنلىكىنى بىلە-
شىمىز ناتايىن. «سۇ»نى $H_2O$ دەرىجىسىدە بىلىش بى-
لىمنى ئېنىقلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشنىڭ تىپىك مىسالى.
ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى نۇرغۇن دورىلارنى خىمىيىلىك فور-
مۇلا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چۈشىنىش مەۋھۇم، يېپىق
بىلىملەرنى ئوچۇق بىلىملەرگە ئايلاندۇرۇش بولۇپ ھې-
سابلىنىدۇ. ئەگەر بۇ خىزمەتلەر ئوڭۇشلۇق تاماملانسا
ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى جارى بولۇپ، دۇنيا
خەلقىنىڭ ئورتاق بايلىقىغا ئايلىنىدۇ.

ئەنگلىيىلىك ئالىم ۋە پەيلاسوپ مايكول پولانيى:
(Michael Polanyi) «مەيلى ئەمەلىي ياكى ئەقلىي بول-
سۇن، بىزنىڭ بەدىنىمىز بىزنىڭ تاشقى بىلىملىرىمىزنىڭ
ئەڭ زور زاپىسى» دېگەنىدى ②. «گەرچە بىلگەن نەر-
سىلىرىمنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمىسەممۇ ياكى مۇتلەق
ئېيتىپ بېرەلمىسەممۇ، مەن ئۇ نەرسىلەرنى بىلىمەن»
دەيدۇ ئۇ يەنە ③. مايكول پولانيىنىڭ بۇ سۆزلىرى بى-
لىش توغرىسىدا مۇنداق بىر تەسەۋۋۇرنى يادىمىزغا سا-
لىدۇ: پايانسىز قاراڭغۇ كېچىدە بىر ماشىنا كېتىپ بارىدۇ،
شوپۇر ئۇستام ماشىنا چىراغلىرى يورۇتقان دائىرىدىكى
يول بەلگىلىرىنى، دەرەخلەرنى، ئۆستەڭلەرنى، كۆۋرۈك-
لەرنى، سىمتاناپ تۈۋرۈكلىرىنى كۆرۈپ، رولنى باشقۇرى-
دۇ، ئۇ ماشىنىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى تالاي نەرسىلەرنى
قاراڭغۇدا كۆرەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە قاراڭغۇدا نۇرغۇن
نەرسىلەر مەۋجۇت، لېكىن، بۇلارنى شوپۇر ئۇستام
بىلمەيدۇ. بىز ماشىنىنىڭ چىرىغى يورۇتقان دائىرىلەرنى

2006.3

پائالىيەت باسقۇچىدا ئاشكارا بولغان يېپىق بىلىملەرگە ئوخشاتساق بولىدۇ. مايكول پولانىيى بۇ ھالنى «ئېيتقانلىرىمىزدىنمۇ جىق نەرسىلەرنى بىلىمىز» (We know more than we can tell) دېگەن مەشھۇر ھۆكۈمگە يىغىنچاقلىغانىدى. ھازىر تەكىتلىنىۋاتقان ئۆگىنىش تىپلىق جەمئىيەت دەل ئىنساننىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قېزىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان جەمئىيەتتۇر.

باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تارىختىكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان ئۇيغۇر خەلقى ھۈنەر-سەنئەتكە ئىنتايىن باي، تارىخچىلار ۋە مەدەنىيەتشۇناسلار بۇ ھەقتە نۇرغۇن بايانلارنى قالدۇرۇشتى، زامانىۋى تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى يامراپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى شاللىنىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، كىشلەرنىڭ بىر قىسىم ئىگىلىكى ئۈچۈن تۈۋرۈكلۈك رول ئويناۋاتىدۇ، ھازىرقى شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىرىكچىلىكىمۇ قول ھۈنەر بۇيۇملىرىدىن تامامەن خوشلاشقىنى يوق. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ تارىختىكى ۋە بۈگۈنكى ئىقتىسادىي قىممىتى، مەدەنىيەت قىممىتى زامانىمىزدىكى قەلەم ۋە ئەلەم ساھىبلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ بولالمىدى. «ئىنچىكە چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان ھۈنەرنى نىزام ئارقىلىق يەتكۈزگىلى بولمايدۇ» دەيدۇ مايكول پولانىيى، «چۈنكى، بۇنداق نىزام مەۋجۇت ئەمەس. ئۇ پەقەت ئۇستىلارنىڭ شاگىرتلىرىغا ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرىشلىرى ئارقىلىق تارقىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھۈنەرنىڭ تارقىلىش دائىرىسى شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىلا چەكلىنىدۇ». بۇنىڭدىن چۈشەنگىلى بولىدۇكى، ھۈنەر مائارىپى ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاسىتە ۋە ھەمكارلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئەگەر بۇنداق ھەمكارلىقنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتى ياكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي كاپالىتى يوقالسا، ھۈنەر-سەنئەت مەدەنىيىتى بىزگە سەزدۇرمەيلا يوقاپ كېتىدۇ. بىز ھەدەپ ئىقتىسادىي تەرەققىيات شوئارىنى توۋلاۋاتىمىز، لېكىن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا كېرەكلىك بولغان، ئۆزىمىزدە بار بولغان قىممەتلىك ئەنئەنىلەرنى قېزىشقا ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىمىز. ئەجەبا، تەرەققىيات باشقا بىر ئىقلىمدىن ئۆزىچە پەيدا بولۇپ قالامدۇ؟ كىشىلەر ياپونىيىنىڭ پەن-تېخنىكا ۋە ئىقتىسادتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئەمما، ياپونىيىنىڭ قانداق قىلغانلىقىنى بىلگەن بولسا ياخشى بولاتتى. ياپونىيە خىتوتسۇباشى (Hitotsubashi) ئۇنىۋېرسىتېتى (一桥大学 —) نىڭ پروفېسسورى ئىكۇجىرو ناناكا (Ikujiro nonaka) خىروتاكا تاكېئۇچى (Hirotaka Takeuchi) بىلەن بىرلىشىپ يازغان «بىلىم-ئىجادىيەت كارخانىسى» ناملىق ئەسەر ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ئوقۇشقا ئەرزىيدىغان ئەسەردۇر. بۇ ئەسەر ھازىرقى بىلىم باشقۇرۇش ئىلمى بويىچە كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابنىڭ قوشۇمچە ماۋزۇسى «ياپونىيە شىركەتلىرى ئىجادىيەت دىنامىكىسىنى قانداق شەكىللەندۈردى» دەپ قويۇلغان بولۇپ، ياپونىيە شىركەتلىرىنىڭ ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب شىركەتلىرىگە ئوخشىمىغان ھالدا تۇتقان خاس يولى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن. بىزنىڭ كارخانىچىلىرىمىز بۇنداق كىتابلارنى ئوقۇسا ئىلھامبەخش پىكىرلەرگە ئېرىشىپ، نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلالايدۇ. نوناكا بىر قىسىم ياپونىيە شىركەتلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يۇقىرىدا بىز تەسۋىرلەپ ئۆتكەن يېپىق بىلىملەرنى قېزىپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىش بىلەن باغلاپ چۈشەندۈردى. ئۇ يېپىق بىلىملەرنى ياپون خەلقىنىڭ تەپەككۇر شەكلى، پەلسەپىسى بىلەن باغلاپ، غەربنىڭ تەپەككۇر شەكلى بىلەن سېلىشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىزاھلىشىچە، غەرب — قىياس ۋە ئابستراكت ئۇقۇملارغا ئەھمىيەت بەرگەچكە، پەلسەپىۋى سىستېمىلار ۋە پەننىي نەزەرىيىلەرنى ياراتقان. ياپونلار بىۋاسىتە سېزىم ۋە كەچۈرمىشلەرنى ئوبرازلاشتۇرغان. غەرب روھ بىلەن تەننى ئايرىپ چۈشىنىدۇ، ياپونلار بىر پۈتۈن ھالدا چۈشىنىدۇ، غەرب شەخسنى مەقسەت قىلسا، ياپونلار شەخسلەر ئارا ھەمكارلىقنى يەنى كوللېكتىپ روھىنى مەقسەت قىلىدۇ. ياپونلار نەزەرىدىكى «مەن» «سەن»نى شەرت قىلىدۇ، ياپونلارنىڭ نەزەرىدە «سەن» سىز ھالدا «مەن» بولمايدۇ. ياپونلارنىڭ نەزەرىدىكى ۋاقىت ھازىرنىڭ تىنىمسىز ئېقىمى، غەربنىڭ نەزەرىدىكى ۋاقىت ئۆلچىنىشچان دولقۇن. نوناكا ياپون بىلەن غەربنى مۇنداق سېلىشتۇرىدۇ: غەرب بولسا Individal self (شەخسىي ئۆزلۈك)، ياپون بولسا Collective self (كوللېكتىپ ئۆزلۈك). ھەمكارلىشىش ۋە كوللېكتىپ پۈتۈنلۈككە ئائىلىنىش ياپونىيە دۆلىتىنىڭ، جۈملىدىن، ياپونىيە شىركەتلىرىنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بىزدە ئەڭ كەم بولۇۋاتقان روھ دەل

MIRAS

مۇشۇنداق روھتۇر. تەپەككۇر شەكلىمىزدىكى بەزى ئالاھىدىلىك ياپونلارغا يېقىن تۇرىدۇ. بىزمۇ بىۋاسىتە تەجرىبىگە ئىشىنىمىز، خەلقىمىزنى قىياسلار ۋە مەنتىقى دەلىللەر ھەرىكەتكە كەلتۈرەلمەيدۇ، خەلقىمىز بىۋاسىتە كۆرگەن نەرسىسى ئارقىلىق قايىل بولىدۇ ۋە ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىدۇ، خەلقىمىز ئەقلىنى ئاساس قىلىپ ئەمەس، بەدىنىنى ئاساس قىلىپ ئۆگىنىدۇ.

«غەربلىكلەر ئوچۇق بىلىملەرنى تەكىتلىسە، ياپونلار يېپىق بىلىملەرگە مايىل» ⑥ دەيدۇ نوناكا يۇقىرىقى ئەسەرىدە. ئۇ ياپونىيە شىركەتلىرى يېپىق بىلىملەرنى قېزىپ، ئۇلارنى قانداق قىلىپ ئوچۇق بىلىملەرگە ئايلاندۇرغانلىقى توغرىسىدا بىر قانچە ھېكايىلەرنى بايان قىلىدۇ.

1977 ـ يىلىغا كەلگەندە، ياپونىيىدە %95.4 ئائىلە رەڭلىك تېلېۋىزورغا، %94.5 ئائىلە چاڭ تارتقۇغا، %98.4 ئائىلە توڭلاتقۇغا، %98.5 ئائىلە كىر ئالغۇغا، %94.3 ئائىلە توك دەزمىلغا ئىرىشىپ بولغان. ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى بازىرىدىكى بۇ خىل تويۇنۇشنى كۆرۈپ يەتكەن Matsushita شىركىتى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزەتكەندىن كېيىن بولكا پىشۇرۇش ماشىنىسىنى ياسىماقچى بولغان. بۇ پىلان تۆۋەندىكى سخېمىدا كۆرسىتىلگەن قاتلاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:




سخېما I : بولكا پىشۇرۇش ماشىنىسىنى ئىشلەش ۋەزىپىسى⑦

يۇقىرىقى پىلان بىر تەرەپتىن بولكا پىشۇرۇش ۋە بولكىنىڭ تەم ئۆلچىمىنى تۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت بولكىغا ئالاقىدار بىلىملەرنى ھەمدە ماشىنىغا دائىر بىلىملەرنى بىرىكتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. كىشىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئەڭ ياخشى بولكا قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۆلچىمى كىم؟ بۇ بولكا نېمە ئۈچۈن تەملىك؟

بولكىلارنىڭ ھەر بىر كۈندىكى تەمىنى قانداق قىلغاندا ئوخشاش قىلغىلى بولىدۇ؟ بولكىچى ئۇستام بولكىغا دائىر بىلىملەرنى ئېيتىپ بېرەلەمدۇ؟ بولكىچى ئۇستامدىكى يېپىق بىلىملەرنى قانداق ئىگىلەش كېرەك؟ ئاندىن بۇ يېپىق بىلىملەرنى قانداق قىلغاندا ئوچۇق بىلىملەرگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئېلېكترونلۇق مېڭىگە كۆچۈرگىلى بولىدۇ؟ ناھايىتى روشەنكى، يۇقىرىقى ئىشلار ھەرگىزمۇ بىر گۇرۇھ ئادەمنىڭلا قولىدىن كەلمەيدۇ، بىر بولكىچىنىڭ ھۈنىرىنى ئەينەن ھالدا ئاپتوماتىك بىر قۇرۇلمىغا كۆچۈرۈش ۋە بۇ ھۈنەرنى ماشىنا ئارقىلىق تاماملاش نەچچە قاتلاملىق بىلىم ۋە لايىھىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇلارنى ئوخشىمىغان بىلىم، ئوخشىمىغان تېخنىكىغا ئىگە خادىملار ئۈستىگە ئېلىپ ئۆز دائىرىسىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ، ئاندىن ھەل بولغان ھەر بىر مەسىلىلەر تۈركۈمى ئۆزئارا قۇراشتۇرۇلۇپ، ئىقتىدارلارنىڭ مېخانىزمى بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنداقتا، بولكىچى ئۇستامنىڭ بولكا ھەققىدىكى يېپىق بىلىمگە قانداق ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ Matsushita ئېلېكتر سانائەت شىركىتىنىڭ يۇمشاق دېتال باشلىقى ئىكۇكو تاناكا ئەڭ ياخشى بولكىنىڭ ئوساكا خەلقئارا مېھمانخانىسىدا پىشۇرۇلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، بىر قانچە ئىنژېنېرلار بىلەن بىرگە مېھمانخانىغا شاگىرت بولۇپ كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى يۇغۇرۇش ماھارىتىنى ئىگىلەش ئىدى. بولكىنى بولكىچى ئۇستامنىڭكىدەك مەززىلىك پىشۇرۇش ئاسان ئەمەس ئىدى، ئۇستام بولكىنىڭ خېمىرنى سوزۇپ تارتىپ، تاۋلايتتى ھەمدە سوزۇلغان خېمىرنى ئېشەتتى. تاناكالار قايتا ـ قايتا كۆزىتىش، دوراش، قول سېلىش ئارقىلىق ئۇستامدىكى تامامەن خۇسۇسىي بىلىملەرنى ئىجتىمائىيلاشتۇردۇ، بىر ئادەمدىكى خاس قابىلىيەتنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا بىر قانچە ئادەمگە تارقىلىشى بىلىمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنىڭ دەسلەپكى قەدىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ياپونىيىدىكى Honda شىركىتى «يارقىن پىكىر لاگېرى» ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەزالارنى مەلۇم بىر قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئۈندىگەن. ئۇلار خىزمەت ئورنىنىڭ تاشقىرىسىدىكى يۇيۇنۇش، تاماق يېيىش سورۇنلىرىغا بېرىپ ھېلىقى قىيىن مەسىلە توغرىسىدا ئەركىن مۇنازىرىلەشىدۇ. بۇنداق ئۇچرىشىش ئەترەت ئەزالىرىدىن باشقا خىزمەتچىلەرگىمۇ ئوچۇق ئىكەن. بۇ سورۇندا تەكرار گەپلەر بولماسلىقى كېرەك، بىر ـ بىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەسلىك كېرەك. ئەزالارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، يېڭى مەھسۇلات، يېڭى ئۇسلۇبلارنى

2006

ئوتتۇرىغا چىقىرىشتا يوقىرىقى ئۇسۇلنىڭ رولى ئالاھىدە چوڭ بولغانلىقتىن Honda شىركىتىدىن باشقا شىركەتلەرمۇ قوللانغان. ئىشتىراكچىلار ئارىسىدا ئالماشقان تەجرىبىلەر جۇغلانمىسى ئاخىر بېرىپ ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسىگە ئايلانغان.

يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈپ يەتتۇقكى، يېپىق بىلىملەرنى يېپىق پېتى قويۇپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنى، ئوچۇق بىلىمگە ئايلاندۇرۇپ، رولىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش كېرەك. بۇ يەردە بىلىم تۈرلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئايلىنىش جەريانى مەۋجۇت. نوناكا بىلىم ئايلىنىشنىڭ ئەندىزىسىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

بىرىنچى، بىلىمنىڭ ئىجتىمائىيلىششى، بۇ يېپىق بىلىم ئىگىلىرىنىڭ بىر يەرگە كېلىپ تىلسىز ئالاقە شەكلىدە پائالىيەت قىلىش نەتىجىسىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. كۆزىتىش، دوراش، قول سېلىپ ئىشلەش يېپىق بىلىملەرنى ئالماشتۇرۇشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇللاردۇر. يۇقىرىقى ھېكايەدىكى خېمىر يۇغۇرۇشنى ئۆگىنىش ياخشى بىر مىسال.

ئىككىنچى، سىرتقىلاشتۇرۇش، بۇ يېپىق بىلىملەرنى ئوچۇق بىلىملەرگە ئايلاندۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا يېپىق بىلىملەر مېتافورا، ئانالوگىيە، ئۇقۇم، مودېل شەكىللىرى بىلەن ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان ھالەتكە كېلىدۇ.

ئۈچىنچى، بىلىملەرنى بىرىكتۈرۈش، بۇ ئوچۇق بىلىملەرنى ھۆججەت، يىغىن، تېلېفون سۆھبىتى، تور پۇنكتى شەكلىدە ئالماشتۇرۇپ، سىستېمىلىق ھالەتكە كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

تۆتىنچى، ئىنچىكىلەشتۈرۈش، بۇ ئوچۇق بىلىملەرنى يەنە يېپىق بىلىملەرگە ئايلاندۇرۇش بولۇپ، بۇ يەردىكى يېپىق بىلىم ھەرگىزمۇ ئاۋۋالقى يېپىق بىلىملەرگە ئوخشىمايدۇ. كومپيۇتېرنىڭ كونۇپكا تاختىسىدىكى ھەر بىر كونۇپكىنىڭ بىر قانچە خىل فۇنكسىيىسى بولىدۇ، بىز كونۇپكىلارنى ئىشلىتىشنى كىتابلاردىن ياكى ئوقۇتقۇچىلاردىن ئۆگىنىمىز، ئادەتلىنىشتىن ئىلگىرى بۇ ئىش شۇنچە تەس تۇيۇلىدۇ. ئەمما، بىز كونۇپكىلارغا راسا كۆنۈۋالغاندىن كېيىن، قارىمىساقمۇ بىزنىڭ بارماقلىرىمىز كېرەكلىك كونۇپكىلارنى دەرھال تېپىپ، مەشغۇلاتنى تېز بىر تەرەپ قىلىدۇ. مانا بۇ يوشۇرۇن ئاڭغا ئايلانغان مۇرەككەپ مەشغۇلات.

نوناكانىڭ ئىزاھلىشىچە، يۇقىرىقى كۆپ خىل ئەندىزە تىنىمسىز ھالدا بىر ـ بىرىگە ئايلىنىپ، بىلىمنىڭ بۇرمىسمان دەۋرىلىكىدە كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نوناكا يۇقىرىقى كۆپ ئەندىزىدىن مەشھۇر Ices مودېلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ noitazilaicos (ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش)نىڭ باش ھەرپى S, noitazilanretxE (سىرتقىلاشتۇرۇش)نىڭ باش ھەرپى E, noitanobmoC (بىرىكتۈرۈش)نىڭ باش ھەرپى C, uoitazilanretnI (ئىنچىكىلەشتۈرۈش)نىڭ باش ھەرپى I لاردىن تۈزۈلگەن ئىسىم. بىز نوناكانىڭ ICES مودېلىغا كۆز يۈگۈرۈتۈپ باقايلى:




سخېما II : بىلىم ئىجادىيەت جەريانى (IGES)مودېلى ⑧

سخېمىدىكى egdelwonk ticat يېپىق بىلىمنى، egdelwonk ticilpxe ئوچۇق بىلىمنى كۆرسىتىدۇ. چەمبەر ئىچىدىكى بەلگىسى i شەخسنى، G بەلگىسى گۇرۇپپىنى، o بەلگىسى ئورگاننى بىلدۈرىدۇ.نوناكانىڭ يۇقىرىدىقى مودېلى ئىنسانلارنىڭ ئەقىل بايلىقىنى قېزىشنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭغا يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قارايدىغان بىلىم تىپلىق جەمئىيەتنىڭ روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ پىكىر شەكلى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن، پىكىر نوپۇزىغا بويسۇنىدىغان جەمئىيەت بىلەن سىغىشالمايدۇ، بۇ تۈزۈم ۋە تۈزۈلمە مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

ياپونىيە ئادەم كۈچى بايلىقىنى قېزىشقا ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن تۈزۈك كان بايلىقى يوق ئارالدا بىر ئىقتىسادىي ئىمپېرىيىنى قۇرۇپ چىقالىدى. ھەر بىر ئادەم تۈزۈم تەرىپىدىن جەمئىيەتنىڭ بايلىقى دەپ قارالغاندا ۋە مۇناسىپ تەربىيە شارائىتىغا ئىگە قىلىنغاندا، ئادەم نامراتلىقتىن يىراقلىشالايدۇ

بولىدۇ. پىكرىي پالەچلىك نامراتلىقنىڭ ئانىسىدۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ جەمئىيەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئالىدىغان ھۆر ئادەمنى پەيدا قىلالمايدۇ.

ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر مىللەتنىڭ مول مەدەنىيەت تىندۇرمىسى بولىدۇ، ئۇنى تەرك ئېتىش ياكى قېزىش كەلگۈسى تارىخنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. ياپون مىللىتىنىڭ ئۆزىنى قېزىش روھى بىز ئۈچۈن زۆرۈر دورىلارنىڭ بىرى.

بىزدە نۇرغۇن سازەندىلەر ئۆتتى، لېكىن، مۇزىكا ھەققىدە ھېچنېمە دېمەي كەتتى. بىزدە ساناقسىز ئاشپەزلەر ئۆتتى، لېكىن، ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىنى خاتىرىلەپ قالدۇرمىدى، بىزدە ساناقسىز كارۋانلار ئۆتتى، لېكىن، يوللار ھەققىدە تۈزۈك بىر نەرسە قالدۇرمىدى، بىزدە شېئىر بار، شېئىرنىڭ نەزەرىيىسى يوق. بىزدە تارىخ بار، لېكىن تارىخنىڭ پەلسەپىسى يوق، بىزدە ساناقسىز ئوقۇتقۇچىلار بار، لېكىن، مائارىپ ھەققىدە تۈزۈك گېپى يوق. مانا بۇ بىزنىڭ بىلىمدىكى گادايلىقىمىزنى، نەزەرىيىدىكى تىلەمچىلىكىمىزنى، ئىستېمالدىكى دورامچىلىقىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئالىي مائارىپىمىزدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىزنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىمىزدىن يىراق، ئۇيغۇرنىڭ نېنىنى يەپ، «كاپىتال» توغرىسىدا دەرس ئۆتكەنلەر ناننىڭ ئىقتىسادىي مەنىسى توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشنى ئېسىگە ئالماي قويىدۇ، پەن-كۇتۇپخانىلاردىكى كىتابلاردا ئەمەس، بەلكى، بىزنىڭ مۇھىت بىلەن بولغان ئالاقىمىزدە. بىزدە نەزەرىيىچىلەر، ھۈنەرۋەنلەر، كاسىپلار، تەتقىقاتچىلار، رەھبەرلەر بىر-بىردىن ئاجراپ، چېچىلىپ كېتىشكەن بولۇپ، ئوخشىمىغان شەخسلەردىكى ئوخشىمىغان ئىقتىدارلارنى تەشكىللەپ، ئەقلىي كۈچ ھاسىل قىلالايدىغان ئادەم يوق، شۇڭا، ھەركىم ئۆزىدىكى بىلىمنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلىپ يېتەلمىگەن. بىلىمنى پەنگە، پەننى تېخنىكىغا، تېخنىكىنى ئىقتىسادىي كۈچكە، ئىقتىسادىي كۈچنى ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچكە ئايلاندۇرۇش قابىل يېتەكچىگە موھتاج. بۇرۇنقى زاماندا بىر ئەما ئادەم ئورماندا ئېزىپ قېلىپ، بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇ يەرنى سىلاپ-سىپاپ، قولى بىر توكۇرغا تېگىپ كېتىپتۇ. ئەما بىلەن توكۇر ئۆز تەقدىرىدىن زارلىنىپتۇ. «ئورماندا شۇنچە ئۇزاق تېنەپ يۈرۈپ، چىقىش يولى تاپالمىدىم» دەپتۇ ئەما. «مەنمۇ ئورماندا يۈرگىلى ئۇزۇن بولدى. ئورنۇمدىن تۇرالمىغاچقا، ئورماندىن چىقىپ كېتەلمىدىم». دەپتۇ توكۇر، ئۇلار گەپلىشىپ تۇرۇۋاتقاندا، توكۇر ئۇشتۇمتۇت توۋلاپ كېتىپتۇ: «قارا، سەن مېنى يۈدۈۋال، مەن ساڭا نەگە مېڭىشىڭنى دەپ بېرەي، ئىككىمىز بىرلەشسەك ئورماندىن چىقىپ كېتەلەيمىز!».

بىر ئادەمدە بار قابىلىيەت، يەنە بىرسىدە يوق، ئەمما بۇ قابىلىيەتلەرنى بىر يەرگە ئەكەلگەندە، مۆلچەرلىگۈسىز ئەقىل-پاراسەت پەيدا بولىدۇ، بۇ روھنى ھەتتا دەرسخانىلارغىمۇ تەتبىقلاش مۇمكىن.

ئىزاھات:

①فىرىد نىكولىس: «بىلىم باشقۇرۇشتىكى بىلىم» (ئىنگلىزچە)، egelwonk/ slokcin/ ten. tta. emoh/ l; ptth .

② مايكول پولانىيى: «يېپىق ئۆلچەم» (ئىنگلىزچە) 1983-يىلى ئامېرىكىدا بېسىلغان، 15-بەت.

③مايكول پولانىيى: «خۇسۇسىي بىلىملەر»، (خەنزۇچە) گۈيجۇ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىلى 11-ئاي، 131-بەت.

④مايكول پولانىيى: «يېپىق ئۆلچەم» (ئىنگلىزچە) 1983-يىلى ئامېرىكىدا بېسىلغان، 4-بەت.

⑤مايكول پولانىيى: «خۇسۇسىي بىلىملەر»، (خەنزۇچە) گۈيجۇ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىلى 11-ئاي، 79-بەت.

⑥ئىكوجىرو نوناكا، خىروتاكاتا كېئۇچى: «بىلىم ئىجادىيەت كارخانىسى» (ئىنگلىزچە)، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1995-يىل، 61-بەت.

⑦يۇقىرىقى ئەسەر، 102-بەت.

⑧ماساكى ئوكۇشى: «ئىجتىمائىي بىلىم ئىجادىيەت نەزەرىيىسىگە نەزەر»، (ئىنگلىزچە)، ئىقتىساد، مۇھىت، جەمئىيەت سىستېمىسىدىكى بىلىم باشقۇرۇش توغرىسىدا خەلقئارا ئەنجۇمەندە ئوقۇلغان ماقالىدىن ئېلىندى.

پايدىلانمىلار:

1. 迈克尔. 波兰尼 <<个人知识>>, 许泽民·泽, 贵州人民出版社, 2000. 贵阳
2. fred nickols: the kne knowledfw in knowledge Management, http: // home. att. net. nickols. // knowledge, 2000
3. Michael polanyi: The Tacit Dimension, 1938
4. Ikujiro Nonaka amd Hirotaka Takeuchi: The Knowledge- Creating Compang, Oxford Universitg press, 1995
5. masaki ogushi: Toward atheoryof soual knowledge creatoon, septomber 30- octoberl, 2002, JAIAT



# ئاتاقلىق مۇقامچى كارۇشاك ئاخۇنۇم

مەتتىمىن ھوشۇر

كارۇشاك ئاخۇنۇمنىڭ ئەسلى ئىسمى مۇھەممەد موللا. ئۇ 1850 ـ يىللار ئەتراپىدا قەشقەردە تۇغۇلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، قەشقەر ھاكىمبېگى زوھۇرىدىن بەگنىڭ ئوردىسىدا، مەشھۇر مۇقامچىلاردىن بولغان ئاكا ـ ئۇكا ھېلىم ـ سېلىم ۋە ئۇزاق ھاجىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇيغۇر كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام»ى بىر قېتىم رەتلەنگەن ۋە ئۆگىتىلگەن ئىكەن. كارۇشاك ئاخۇنۇمنىڭ ئاتىسى ئەمەت موللا ھېلىم ـ سېلىملارنىڭ تۇغقىنى ۋە شاگىرتى ئىدى. ئەمەت موللىمۇ ئەينى يىللاردا زوھۇرىدىن بەگ ئوردىسىدا ساز چالغان، ئۆز ھۈنىرىنى ئوغلى مۇھەممەد موللا (كارۇشاك ئاخۇنۇم)غا ئۆگەتكەن. كارۇشاك ئاخۇنۇم 1883 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئىلىغا چىققان.

ھازىرغىچە يېزىلغان كۆپلىگەن ماتېرىياللاردا ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئىلى رايونىغا تارقىلىشى پەقەت كارۇشاك ئاخۇنۇمنىڭ نامىغىلا باغلاپ قويۇلغان. بۇنى تولىمۇ ئالدىراقسانلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسسىز قاراش دېيىشكە بولىدۇ. مۇنداق بولغاندا ئىلى رايونىغا «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ تارقالغان ۋاقتى تېخى تۈنۈگۈنكىلا گەپ بولۇپ قالىدۇ.

«ئون ئىككى مۇقام» خەلقىمىزنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدىكى سەنئەت تارىخى، بەدىئىي دىتى، مول تەسەۋۋۇرى، كۈچلۈك تەپەككۇرى، مۇزىكا تۇيغۇسى قاتارلىق تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مۇزىكا قامۇسىدۇر. «ئون ئىككى مۇقام» مەلۇم بىر ئورۇننىڭ، مەلۇم بىر دەۋرنىڭ ياكى بولمىسا بىردەملىك بىر قىزغىنلىقنىڭ نەتىجىسى ئەمەس؛ ئۇ مىللىتىمىزنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل مۇزىكا جەھەتتىكى ئۇزاق يىللىق ئىزدىنىشىنىڭ بەدىئىي مەھسۇلى. «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئاھاڭلىرى تارىختا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلار تەركىبىنى شەكىللەندۈرگەن نۇرغۇن قوۋملار ياشىغان ناھايىتىمۇ كەڭ دائىرىدىكى خەلقلەرنىڭ خەلق نەغمىلىرى بىلەن ئۆز زامانىسىدىكى مۇزىكا ئۇستىلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن. جۈملىدىن ئىلى ۋە يەتتىسۇ ئەتراپىدا ئۇزاق تارىختىن بېرى

ياشاپ كەلگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە قوشۇلغان خەلقلەرنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتىمۇ «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ دۇنياغا كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، يېتۇك ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قاراخانىلار پايتەختى بالاساغۇندا خان سارىيىدا خىزمەت قىلغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. ئۇ تاۋغاچ ئارسلانخان بوغرا ـ تېگىنگە ئاتاپ «دەردى ھۇسۇيىن» دېگەن مۇقامنى ئىجاد قىلغان ①.

خوتەنلىك موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزىنىڭ بىزگە مۇقاملار تارىخى ھەققىدە مۇھىم ئۇچۇرلارنى بەرگەن ئەسىرى «تارىخىي موسىقىيۇن»دا: «مۇزىكىچىلارنىڭ ئۈچىنچى پىرى ئالتاينىڭ بالاساغۇن دېگەن يېرىدە ئۆتكەن مەۋلانە شەيخ ئەبۇ ناسىر فارابىدۇر... ئۇ مۇزىكا ئىلمىدە ناھايىتى يېتىلگەنىدى. قالۇننى ئۆز قولى بىلەن ياساپ، سىم تارتىپ چالغان. ‹راك›، ‹ئۇششاق› مۇقاملىرى ۋە ‹ئۇششاق›نىڭ مەرغۇللىرىنى ئىجاد قىلىپ ئالەمگە يايغان ھەم شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەن. ھازىرمۇ ھەممە سازەندىلەرگە مەلۇم بولغان ‹ئۆزھال مۇقامى› ۋە ئۇنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى مەرغۇللىرىنى كەشىپ قىلغانىدى» ②دەپ يازىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىككى ئۇلۇغ ئالىم پائالىيەتلىرى ئېلىپ بارغان بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ھەقىقىي ئورنىنىڭ قەيەردىلىكى ھازىرغىچە بىر سىر بولۇپ كەلمەكتە. كۆپىنچە تارىخچىلار بۇ شەھەرنى ئىلىنىڭ يەتتىسۇ تەۋەسىگە ئانچە يىراق بولمىغان ئىسسىق كۆل ئەتراپىغا جايلاشقان بىر قەدىمىي شەھەر دەپ قارىسا، يەنە بەزى تارىخچىلار بالاساغۇننى ئىلىدىكى قەدىمكى ئالمالىق شەھىرى دەپ كۆرسىتىدۇ. «تارىخىي موسىقىيۇن»دا موللا ئىسمەتۇللا ئېنىق قىلىپ فارابىنى «ئالتاينىڭ بالاساغۇن دېگەن يېرىدە ئۆتكەن» دەپ يازىدۇ. يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئىلى ئالمالىق شەھىرىنى «ئالتاي قەدىمكى شەھىرى» دەپ ئاتايدىغانلىقىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىش ③.

موللا ئىسمەتۇللا يەنە مۇزىكىچىلارنىڭ ئون ئالتىنچى پىرى دەپ ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى ۋە شائىرى يۈسۈپ سەككاكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ سەككاكى ھەققىدە: «بۇ ئەزىزمۇ ھەممە ئىلىمدە ھەزرىتى فارابى ۋە ھەزرىتى لۇتفەدەك ئىدى. مىڭلىغان تالىپلار ئۇنىڭ قولىدا تۈرلۈك ـ تۈرلۈك ئىلىملارنى ئۆگىنەتتى... ئۇ مۇزىكا ئىلمى بويىچە رىسالىلار يازغان. ھازىرغىچە نەغمىچىلەر ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ كېلىۋاتقان بايات نامىلىق مۇقامنى شۇ ئەزىز ئىجاد قىلىپ شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەن» ④ دەپ يازىدۇ. يۈسۈپ سەككاكى 1228 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1306 ـ يىلى ئالمالىقتا ئالەمدىن ئۆتكەن. سەككاكى مازىرى ئىلىنىڭ چاپچال ناھىيىسى تەۋەسىدىكى «خۇنخاي» دېگەن يەردە ھازىرغىچە قوغدىلىپ تۇرۇپتۇ.

يۇقىرىدىكى تارىخىي پاكىتلاردىن بىز كلاسسىك مۇقاملىرىمىزنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى تۇرغۇزغان بەزى مۇزىكا ئالىملىرىمىزنىڭ بىر قىسىم ھايات پائالىيىتىنىڭ ئىلى ۋە يەتتىسۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇشۇ كەڭ دائىرىدە بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. «ئون ئىككى مۇقام»نى رەتلەشتەك ئۇلۇغ ئىشنى تاماملىغان ياركەن خانلىقى كۈچەيگەن يىللاردا بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى ياركەن خانلىقىنىڭ زېمىنى ئىدى.

تارىختا ئۇيغۇرلار ياشىغان كەڭ زېمىنلاردىكى خەلق ئىچىدە چېچىلىپ ياتقان مول ناخشا ـ مۇزىكا بايلىقى، ھەرخىل مۇقام ئېيتىش ئەنئەنىلىرى بىر قېتىملىق رەتلىنىش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئۇزاقتىن بېرى تەقەززا قىلىپ تۇرغانىدى. ھالبۇكى، مۇنداق چوڭ ئىشنى ھاكىمىيەت ئارىلاشماستىن تۇرۇپ ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايتتى. مۇشۇنداق بىر پەيتتە ياركەن خانلىقىنىڭ تەختىدە ئەدەبىيات ۋە مۇزىكا ئىلمىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان سۇلتان ئابدۇرەشىتخان ئولتۇردى ۋە بۇ رەتلەش، بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىنى ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇردى. سۇلتان ئابدۇرەشىتخانغا بولسا ئىلى ۋە يەتتە سۇ ۋادىلىرى (ھازىرقى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى) ناھايىتىمۇ تونۇش ئىدى. ئۇ ياش ۋاقتىدا دادىسى بىلەن بىللە ھەربىي يۈرۈشلەرگە قاتنىشىپ، ئىلى ۋادىسى ۋە بالقاش كۆلى ئەتراپىدا قازاق، جۇڭغارلار بىلەن بولغان سۇلھ تۈزۈش ئىشلىرىغا قاتناشقان ⑤. ھەتتا بىر مەزگىل بۇ يەرلەردە يەتتىسۇنىڭ سەرتاپلىقىغا (باش ۋالىيلىقىغا) تەيىنلىنىپ تۇرغانىدى ⑥. شۇنداقكەن، سۇلتان ئابدۇرەشىتخان مۇقام ئاھاڭلىرىنى رەتلەش، تولۇقلاش، بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرغاندا، ئۆزىگە تونۇش بولغان ۋە ياش ۋاقتىدا ئۆزىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئىلى ۋە يەتتىسۇ ۋادىلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشى ياكى ئۇنى چەتكە تاشلاپ قويۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، شۇ قېتىمقى رەتكە سېلىشتا ئىلى ۋە يەتتىسۇ ۋادىلىرىدىكى

ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ سازلىرى ۋە بۇ يەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان مۇزىكا ئۇستىلىرىنىڭ نادىر ئىجادىيەتلىرىمۇ «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىگە كىرگەن. «ئون ئىككى مۇقام» ھەرخىل ئەلنەغمىلەرنىڭ قالايمىقان توپلىمى ئەمەس؛ ئۇ ئەينى زامانلاردا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە قوشۇلغان قەبىلىلەر ياشىغان كەڭ زېمىندىكى بارلىق خەلقلەرنىڭ «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ مۇزىكىلىق تەرتىپىگە ماس كېلىدىغان ئاھاڭلىرىنى توپلاش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن مۇزىكىلىق گەۋدە.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چېچىلىپ تۇرغان مول ئەلنەغمە بايلىقىنى يىغىپ، رەتلەپ، «ئون ئىككى مۇقام»ىمىزنىڭ يېڭى ئاساسىنى تۇرغۇزۇشتەك ئۇلۇغ ۋەزىپىنى تاماملىغان ياركەن خانلىقى ئاز ئۆتمەي ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلىششقا باشلىدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئۇيرات قەبىلىسى (جۇڭغارلار)نىڭ كۈچى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. ئۇيراتلار ياركەن خانلىقىنىڭ بالقاش كۆلى ۋە ئىلى ۋادىسىدىكى كۈچلىرى بىلەن ئۇزاققىچە ئۇرۇش قىلىپ، ئاخىر ياركەن خانلىقىنىڭ بۇ جايلاردىكى تەسىر كۈچىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. مۇنبەت ئىلى زېمىنىنى تالىششنى چۆرىدىگەن بۇ ئۇزاق يىللار جەريانىدا ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان يېغىلىقلار، ئۇرۇش ۋە دىنىي ماجىرالار تۈپەيلىدىن ئىلى ۋە يەتتىسۇ تەۋەسىدىكى شەھەرلەر ۋەيران بولدى. ئېتىزلار ئوتلاققا ئايلىنىپ، سۇ ئىنشائاتلىرى بۇزۇلۇپ قول ھۈنەرۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق ئىگىلىكلىرى يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەندى. بۇ رايونلاردا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىمۇ يىلدىن يىلغا ئازىيىپ كەتتى. قالغانلىرىنىڭ زور بىر قىسمىمۇ ئۇيغۇرلار كۆپرەك جايلاشقان باشقا ئورۇنلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇپ، ھەر تەرەپكە تېزىپ كەتتى. مۇنداق پاراكەندىچىلىك 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە 200 يىلغا يېقىن داۋاملاشتى. ئىككى ئەسىر دېمەك تارىخ ئۈچۈن كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىكلا دەم بولسىمۇ، بىر مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاز ۋاقىت ئەمەس ئىدى. گەرچە ئىلى تارىختىن بېرى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ قەدىمىي ماكانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلى ۋە يەتتىسۇ رايونىدىكى سانى ناھايىتىمۇ تۆۋەن نىسبەتكە چۈشۈپ قالدى. كېيىنكى ۋاقىتتا، ياركەن خانلىقى دەۋرىدە رەتلەپ تۇرغۇزۇلغان مۇقام ئاھاڭلىرىنىڭ كۆپىنچە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى يۇرتلاردا ساقلىنىپ قالغانلىقى ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئىدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىنلا، ئىلىغا ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىن قايتا كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلىششىغا ئەگىشىپ، ھازىر بىز دەپ كېلىۋاتقان مۇقام ئاھاڭلىرى ۋە بەزى خەلق ناخشىلىرى جەنۇبتىن ئىلىغا ئىلىدىن يەتتىسۇ تەۋەسىگە قايتا ئېقىپ كىرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

تارىخنىڭ قەدىمى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا يەتكەندە، چىڭ خاندانلىقى جۇڭغارلارنى تىنجىتىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئىلى رايونىنى قوشۇن تۇرغۇزۇشقا ئەپلىك ئورۇن دەپ تاللاپ، ئىلىدا ئەينى يىللاردىكى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھاكىمىيەت ئورنى بولغان ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئاساسلىق مۇداپىئە قوشۇنىنى مۇشۇ ئورۇندا ساقلىدى. بۇ كۆپ سانلىق قوشۇن ۋە ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ئوزۇقلۇق مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش ئۈچۈن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىن ئىلى رايونىغا ئۇيغۇرلارنى قايتا كۆچۈرۈپ چىقىپ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى يولغا قويدى. ئىلىغا ئادەم كۆچۈرۈش ئىشى دەسلەپتە مەجبۇرىي ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، كېيىن ـ كېيىن، ئىلى زېمىنىنىڭ كەڭلىكى، يەر سۈيىنىڭ مۇنبەتلىكى، تۇرمۇش كەچۈرۈش شارائىتىنىڭ ئەۋزەللىكى بىلەن كۆچمەنلەرنى كۈچلۈك جەلپ قىلدى. بارا ـ بارا بۇ يەرگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن كۆچۈپ چىققۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئىلىغا چىقىۋاتقان بۇ ئادەملەر ئىچىدە چىڭ خاندانلىقىنىڭ زۇلمىغا قارشى ئىسيانلارغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئىلىغا پالانغان سۈرگۈنلەر، ئۆز يۇرتىغا سىغمىغان نوچىلار، خىيالپەرەس تەۋەككۈلچىلەر، سوپى ـ ئاشىق، جاھانكەزدىلەر، دېھقانلار، كاسىپلار، سودىگەرلەر دېگەندەك ھەممە ئىقلىمدىكى كىشىلەر تېپىلاتتى. تۈرلۈك يۇرتلاردىن خىلمۇخىل ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ كەلگەن بۇ كۆچمەنلەر ئىلى ۋادىسىدىكى ئىلگىرىدىن ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن قوشۇلۇپ، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېڭىچە بىر تەركىبىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئۇزاق يىللار ئارىلىشىپ بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا ئۇلار ئۆزگىچە بىر تىل شىۋىسى ۋە ئۆزىگە خاس رەڭ ئالغان يەرلىك مەدەنىيەتنى ياراتتى... مانا مۇشۇ دەۋردە ئىلىغا چىققان كۆچمەنلەر ئىچىدە يەنە نۇرغۇن ئەلنەغمىچىلەرمۇ بار ئىدى.

ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام»ىنىڭ ئىلى رايونىغا قايتا تارقىلىشىنى پەقەت كارۇشالىڭ ئاخۇنۇم نامىغىلا باغلاپ

قويۇش ياركەن خانلىقىنىڭ ئابدۇرىشىتخان زامانىسىدا رەتلىنىپ، شۇنىڭدىن بۇيانقى 4 ـ 5 ئەسىردىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئىلى رايونىغا بولغان تەسىرىنى ناھايىتمۇ تۆۋەن مۆلچەرلىگەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھالبۇكى، كارۇشاڭ ئاخۇنۇمدىن ئىلگىرىكى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىدىكى يۇرتلاردىن ئىلى رايونىغا ئايغى ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئۆز يۇرتلىرىنىڭ ناخشا ـ سازلىرىنى، جۈملىدىن «ئون ئىككى مۇقام» ئاھاڭلىرىنىمۇ ئېلىپ كەلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمەلىي پاكىتلارمۇ «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئىلى رايونىغا قايتا تارقىلىشقا باشلىغان ۋاقتىنىڭ كارۇشاڭ ئاخۇنۇم زامانىسىدىن كۆپ ئىلگىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن كېيىن ئىلىغا ئون ئەۋلاد مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، قەشقەر خانىبىرىقلىق ساتتار يۈزبېشى دېگەن مۇقامچى، مۇقامچى ئابدۇللا خاڭدۇ، توختىگۇل سۇناي، مۇھەممەد باخشى، ھاشىر جەكەدى، خوتەنلىك ئاكا ـ ئۇكا ئىندۇللا نىياز، ئىنايىتۇللا نىياز، مۇسا باخشى، دارازا ئەلەم، ئاقسۇلۇق ھېزىم، قېيۇم قاتارلىق مۇقامچى ـ سازەندىلەر چىققان ئىكەن. خاتىرىلەرگە قارىغاندا يەنە ئىلى بەگ ئوردىسىنىڭ تۇرپاندىن نۇرغۇن ئەر ـ ئايال نەغمىچىلەر بىلەن بىللە گايىت جەكەدى دېگەن تۇرپانلىق مۇقامچىنىمۇ ئېلىپ چىققانلىقى يېزىلغان. ئىلى بەگلىرىنىڭ تېگى تۇرپان لۈكچۈندىن بولغاچقا، دەسلەپتە بەگ ئوردىسىدا تۇرپانلىق مۇقامچىلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەندەك كۆرۈندۇ. ئۇلار مۇقامنى ساتار بىلەن ئەمەس، غىجەك بىلەن باشلاپ ئېيتاتتىكەن. ئوردا مۇقامچىسى گايىت جەكەدىنىڭ ئوغلى داۋۇت، داۋۇتنىڭ ئوغلى ھاشىم، ھاشىمنىڭ ئوغلى يەنە گايىت بولغان. ئۆزىنىڭ چوڭ بوۋىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان گايىت «ئىلى سۇلتانلىقى» دەۋرىدە سۇلتانلىقنىڭ ئوردا مۇقامچىسى بولغان. «كۆچ ـ كۆچ» ۋەقەسىدە ئۇ يەتتىسۇ تەۋەسىگە كۆچۈپ چىقىپ، يەتتىسۇدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇقام نەغمىلىرىنى تارقاتقان.

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا ئىشانلىق تازا ئەۋج ئالغان چاغلاردا ئىلىدىكى بەگلىك ۋە دىنىي خادىملارمۇ مۇنداق ئەقىدىنىڭ ئىلىدا يۈرگۈزۈلمىگەنلىكىنى چوڭ نۇقسان دەپ بىلىپ، جەنۇبتىن غوجا ـ ئىشانلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىلىغا ئېلىپ چىققان. بۇ كىشىلەر ئىلىدا خانقالارنى قۇرۇپ، مۇرىتلارنى قوبۇل قىلىپ، زىكرى ـ سۆھبەتلەرنى باشلىۋەتكەن. قىزىق يېرى، ئىلىدا بىر مەزگىل مۇشۇنداق زىكرى ـ سۆھبەتلەرگىمۇ سازەندىلەرنى قاتناشتۇرۇپ، مۇقام نەغمىلىرىنى چېلىشقان. ئىلى تارىخى ئۈستىدە تەرىشىپ ئىزدەنگەن مەرھۇم تېيىپجان ھادى «خەلپەم مەھەللىسى ۋە خەلپەملەر توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «...ئاللا قۇلى خەلپەمدىن كېيىن پەرزەنتى خۇداقۇلى خەلىپىلىككە ئولتۇردى. خۇدا قۇلى خەلپەم ئۆزى زىكرى ـ سۆھبەت، تەلقىنلىرىنى تېخىمۇ تەسىرلىك قىلىش ئۈچۈن بۇ ئىشقا ئەلنەغمىچىلەرنىمۇ قاتناشتۇردى. مۇشۇ مەزگىلدە جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا كۆچۈپ چىققان كۆچمەنلەر ئىچىدە ئىمىن نەغمىچى دېگەن مەشھۇر سازەندە بولۇپ، ئۇ خانقالاردا ساز چېلىپ شۆھرەت قازانغانىدى... شەمشىدىن خەلپەم زامانىسىغا كەلگەندە، ئۇمۇ ئۆز خەلپىلىكىنى ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ يولى بويىچە ئېلىپ باردى. ئىمىن نەغمىچى ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ زامانىدىشى موللا روزى نەغمىچىنى تەكلىپ قىلىپ سۆھبەتكە قاتناشتۇردى...» ⑦ مانا بۇ ئىلىغا خوشنىزات ۋە خالزات ھېكمەتلەر ھاكىمبەگ بولۇپ تۇرغان مەزگىلدىن، يەنى 1850 ـ يىللاردىن ئىلگىرىكى ئىشلار ئىدى.

19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىرى بارغانسېرى چىرىكلىشىپ، خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئالۋاڭ ـ سېلىقلار ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇنىڭ بىلەن، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭلار ئارقا ـ ئارقىدىن كۆتۈرۈلدى. ئۇلۇغ تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن 1866 ـ يىلى ئىلى دېھقانلىرىمۇ چىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتۈرۈلۈش قىلدى. ھۆكۈمرانلارنىڭ قانلىق بېسىقتۇرۇشى ۋە چارروسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئىلىنىڭ بىر بۆلۈم زېمىنىنى يۇتۇۋېلىش بىلەن ئاياغلاشقان بۇ ئۇرۇش ئىلى خەلقىگە يەنە بىر قېتىم ئېغىر ۋەيرانچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. 1883 ـ يىللار ئەتراپىدا بولغان «كۆچ ـ كۆچ ۋەقەسى»دىن كېيىن ئىلىدا ئادەم شالاڭلاپ، شەھەر، يېزىلار چۆلدەرەپ قالدى. خەلق جان قايغۇسى بىلەن ھەر تەرەپكە پېتىراپ، ناخشا ـ مۇزىكىلار يەنە بىر قېتىم ئۇنتۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. مانا مۇشۇ ئۈزۈلۈپچىلىكتىن كېيىن، ئىلىدا مۇقامچىلىقنىڭ قايتا راۋاجلىنىشىغا تۆھپە قوشقان كىشى كارۇشاڭ ئاخۇنۇم بولدى.

كارۇشاڭ ئاخۇنۇمنىڭ: «مەن ئىلىغا 40 يېشىمدا چىققان، بۇ يەردە 40 يىل تۇرۇپتىمەن...» دەيدىغان مەشھۇر بىر ئېغىز سۆزى بار. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلىدا

ئۆتكۈزگەن 40 يىلدىن ئوشۇق ئۆمرىنى ئۆيلۈك ـ ئو-
چاقلىق بولماي، سەنئەتنىڭ قەدرىگە ھەقىقىي يېتىدىغان،
نەغمە ـ ناۋانى چۈشىنىدىغان ئاددىي پۇقرالار ئارىسىدا
ئۆتكۈزگەن. كارۇشالڭ ئاخۇنۇمنىڭ قانداق بولۇپ يۇرتى-
نى تاشلاپ ئىلىغا قايتىپ چىققانلىقى توغرىسىدا خىلمۇخىل
قىياسلار بار. مۇھىمى شۇ مەزگىللەردە جەنۇبىي شىنجاڭدا
ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكى بەكمۇ كۈچىيىپ، خەلق سەنئەت-
چىلىرىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنىڭ بولمىغانلىقى سەۋەب بول-
سا كېرەك.

ئۇيغۇر كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام»نى رەتلەش-
تەك ئۇلۇغ ئىشنى بەجا قىلغان ياركەن خاندانلىقى ئاخى-
رىغا كەلگەندە مەختۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىنىڭ قـەشـقـەر،
ياركەن پۇقرالىرىنى «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» دې-
گەن ئىككى مەزھەپكە ئايرىۋېتىشى بىلەن بۇ يەرلەر بۇ
ئىككى مەزھەپنىڭ جەڭگاھىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئىشانچىلىق
ئەسەبىيلىكى ئەۋجىگە چىقىپ خەلق نەغمىچىلىرى پاجى-
ئەلىك قىسمەتلەرگە يولۇقۇشقا باشلىدى. ئاپپـاق غـوجـا
مۇقامشۇناس مەشرەپنى قەشقەردىن ھەيدىدى. مەشرەپ
قۇندۇزدا دارغا ئېسىلدى. ياقۇپبەگ زامانىسىدا بائىز سا-
تارچى دىنىي گۇناھ بىلەن زىنداندا چىرىپ ئۆلدى ⑧ .
ئىمام قۇربان ئىلى ھاجى خالىد ئوغلى دېگەن بىر ئاپتور
ئۆزىنىڭ «تارىخ خەمىس شەرقى» ⑨ دېگەن ئەسىرىدە
«نادان خەلقلەر ئاپپاق غوجىغا بولغان چوقۇنۇش ئېتىقا-
دى بىلەن، كېيىنكى چاغلاردا غوجا ئەۋلادلىرى كەلگەن-
دىمۇ  ‹ۋاي غوجاملار كەلدى!› دەپ ئۇلار ئۈچۈن جەڭ
قىلىشىپ بەرگەن. غوجىلار بولسا شەھەرنى قولغا ئالغان-
دىن كېيىن ئۇنى مۇستەھكەملەپ، قانۇن ـ تۈزۈمـلـەرنى
يولغا قويۇش ئورنىغا ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىپ، خەلق-
نىڭ ھالى بىلەن كارى بولماي، ئالتە شەھەر ئاھالىسىنى
ئۆزلىرىنىڭ قۇللىرى ھېسابلاپ، ئەقىلگە توغرا كەلمەيدى-
غان ئىشلارنى قىلىشقان» دەپ يېزىپ كېلىپ، مۇنداق بىر
ۋەقەنى ھېكايە قىلىدۇ:

«بىر كۈنى، ـ دەپ يازىدۇ ئاپتور، ـ غوجـىـلاردىن
بىرى بىر كېچە زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. زىياپەتكە كاتتىلار
جەم بوپتۇ. دۇتار، ساتار، نەغمىچىلەرمۇ ھازىر بـوپـتـۇ.
زىياپەت داۋاملىشىپ يېرىم كېچىگە يېقىن بولغاندا، ھېلىقى
غوجام تۇيۇقسىز: ‹جاللات!› دەپ ۋارقىراپتۇ. شۇ ھامان
بوسۇغىدا قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ جاللاتتىن ئىككـىـسى
ھازىر بوپتۇ. سورۇندىكىلەرنىڭ تامامۇ چىرايى تامدەك
ئاقىرىپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا غوجام نەغمىچىلىرىنىڭ بىرىنى
شەرەت قىلغانىكەن، جاللاتلار ئۇنى دەرھال سۆرەپ ئې-
لىپ چىقىپ، سويۇپ تاشلاپتۇ. ھېچكىم: بۇ بىچارىنىڭ
گۇناھى نېمە ئىدى؟ دەپ سوراشقا پېتىنالماي، بەزمىنى
يەنە داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. نەچچە كۈنلەر ئۆتكەندىن كې-
يىن، ۋەزىرلەردىن بىرى غوجامدىن: ھېلىقى نەغمىچى نېمە
كەمچىلىك بىلەن ئۆلۈمگە لايىق بولدى؟ دەپ سورىغاندا
غوجام: ئۇ ماڭا تىكىلىپ قارىدى، دېگەنىكەن.»

بەزىلەر يۇقىرىدىكى ۋەقەنى «ئەسلىدە بۇ ۋەقە يا-
قۇپبەگ زامانىسىدا بولغانىكەن. ھېلىقى نەغمىچىنى بىگۇ-
ناھ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان ياقۇپبەگ بولۇپ، شۇ چاغدا
نەغمىچىلەر ئارىسىدا مۇھەممەد موللا (كارۇشالڭ ئاخۇ-
نۇم)مۇ بار ئىكەن. بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەنى ئۆز كۆزى
بىلەن كۆرگەن مۇھەممەد موللا ئەتىسىلا ‹سازچـىـنىڭ
قەدرى مۇشۇنچىلىك بولسا!› دەپ پېشنى قېقىپلا قەش-
قەردىن چىقىپ كەتكەنىكەن.» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئىش-
قىلىپ، مۇھەممەد موللىنىڭ ئۆز يۇرتىدىن قاتتىـق بـىـر
رەنجىش بىلەن چىقىپ كەتكەنلىكى ئېنىق.

مۇھەممەد موللىغا نېمە ئۈچۈن «كارۇشالڭ» دېگەن
لەقەمنىڭ سىڭىپ قالغانلىقىنى كىشىلەر ئۇنىڭ كاۋاپقا ئام-
راقلىقى بىلەن باغلاپ مۇھاكىمە قىلىدۇ. ئاتاقلىق ئىلى
خەلق ناخشىچىسى ئابدۇۋەلى جارۇللايوف بۇ ھـەقـتـە:
«كارۇشالڭ ئاخۇنۇم ئالەمدىن ئۆتكەن چاغلاردا مەن تېخى
ئون نەچچە ياشلىق بالا ئىدىم. ئۇ كىشى بىلەن بىر سو-
رۇندا بولۇش ماڭا نېسىپ بولمىغان. كېيىنكى چاغلاردا
پېشقەدەملەرنىڭ كارۇشالڭ ئاخۇنۇمنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا
ئالغانلىقىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. كارۇشالڭ ئاخۇنـۇمـنىڭ
ئۆمرى بويتاقچىلىقتا ئۆتكەچكە، ئۈچ ۋاق تامىقىنى با-
زاردىن يەيدىكەن. كاۋاپقا ناھايىتى ئامراقكەن. باشقىلار
‹ئاخۇنۇم، سىلى كاۋاپلا يەيدىكەنلا؟› دەپ ھەيران بو-
لۇپ سورىسا، ‹ھە، كارۇشالڭ!› ⑩ دەپ جاۋاب بېرەتتى-
كەن. ئىلىدا لەقەمسىز ئادەم ئاز بولغاچقا، مۇھـەمـمـەد
موللىغىمۇ ‹كارۇشالڭ› دېگەن سۆز لەقەم بولۇپ سىڭىپ
قالغانىكەن» دەپ ئەسلەيدۇ.

پېشقەدەم ئەدىب ماناپ قادىرى بۇ توغرىدا ئىلىنىڭ
كۆپ ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن ئاقساقاللىرىدىن بولـغـان
مەخسۇت ھاجىم ۋە ئابلىمىت مەخسۇملاردىن ئاڭلىغانلى-
رىنى مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ.

«ئىلىنىڭ شۇ زامانلاردا بىر شەنگىنى بولغانىكەن. بۇ
ئادەم غېجەك چېلىشقا ناھايىتى خۇشتار ئىكەن. ئەمما، غې-
جەكنى ئانچە قاملاشتۇرۇپ چالالمايدىكەن. بىر كۈنى، ئە-
چى پۇشقان بۇ شەنگەن يەنە ھېلىقى غېجىكىنى غىڭشىتىپ،
تۈزۈك بىر پەدىگە كەلتۈرەلمەي ئولتۇرسا تۇڭچىسى⑪

كىرىپ قاپتۇ. ئۇ شەنگەننىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ:

—پالانى يەردە بىر مويسىپىت كىشى بار، ئۇ مۇشۇنداق غىجەكنى قالتىس قاملاشتۇرۇپ چېلىۋېتىدۇ—دەپتۇ.

شەنگەن بىر ئۇيغۇرنى غىجەكنى قالتىس چالالايدۇ، دېگەن گەپكە ئىشەنمەپتۇ.

—شۇ ئادەمنى نەدىن بولسا تېپىپ كەل!—دەپ بۇيرۇپتۇ.

تۆگىچى يامۇلنىڭ مەپىسىنى ئېلىپ، ئاخۇنۇمنى ئىزدەپ سوراپ، ساز چېلىپ ئولتۇرغان بىر سورۇندىن تېپىپ كەپتۇ. شۇ چاغدا كارۇشالڭ ئاخۇنۇم ھېلىقى شەنگەننىڭ غىجىكىنى ئاجايىپ ئاھاڭلارغا كەلتۈرۈپ چېلىپ، شەنگەننى تاڭ قالدۇرغانىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ شەنگەن ئاخۇنۇمنى پات ـ پات مېھمانغا چاقىرىپ، غىجەك چالدۇرۇپ ئاڭلايدىغان بوپتۇ. ھەر قېتىم شەنگەن:

—ئاقساقال، سىز شۇ نېمە تاماق يەيدۇ؟—دەپ سورىسا، ئاخۇنۇم كاۋاپقا ئامراق بولغاچقا كاۋاپلا بۇيرۇيدىكەن. شەنگەنمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ،—دۇي، دۇي، كاۋرۇشيالڭ ⑫ —دەيدىكەن.

«كاۋرۇشيالڭ» دېگەن سۆزنى ئاخۇنۇم «كاۋاپ» دېگەن مەنىدە چۈشىنىپ، كېيىنكى قېتىم كەلگەن چاغلىرىدا شەنگەن نېمە تاماق يەيسىز؟ـ دەپ سورىسا، «كاۋرۇشيالڭ» دەيدىغانلا بوپتۇ.

كېيىنكى چاغلاردا شەنگەن ئاخۇنۇمنى چاقىرتماقچى بولسا، مۇھەممەد موللا دېگەن ئىسمىگە تىلى كەلمىگەچكە، تۆگىچىسىغا دائىم:

—ھېلىقى كاۋرۇشيالڭ دەيدىغان ئادەمنى چاقىرتىپ كەل!—دەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئاخۇنۇمغا كارۇشالڭ دېگەن سۆز لەقەم بولۇپ ئۆزلىشىپ قالغانىكەن.

كارۇشالڭ ئاخۇنۇمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەرنىڭ بىرى بولغان ئاتاقلىق سازەندە مەرھۇم ھېزىم موللا بىننى باقى ئوغلى كارۇشالڭ ئاخۇنۇمنى ئەسلەپ يازغان بىر خاتىرىسىدە ئاخۇنۇمنىڭ تەقى ـ تۇرقىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

«ئەسلىشىمچە،ـ دەپ يازىدۇ ھېزىم موللا ئاكا،ـ كارۇشالڭ ئاخۇنۇم ئوتتۇرا بويلۇق، بۇغداي ئۆڭ، ئاغزى يوغانراق، كالپۇكلىرى قېلىن كىشى ئىدى. ئۇچىسىغا قەشقەرچە پېرىجە، ئۇزۇن ئاق يەكتەك، ئايىقىغا كەشە كىيىپ يۈرەتتى» ⑬ .

كارۇشالڭ ئاخۇنۇم «ئون ئىككى مۇقام» نەغمىلىرىگە تولۇق چالغۇچى ئىدى. مەرھۇم ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ پېشقەدەملەردىن ئاڭلىغانلىرى بويىچە ماڭا سۆزلەپ بەرگىنىگە قارىغاندا: ئاخۇنۇم ھەر دائىم مۇزىكا چېلىشنىڭ ئالدىدا تاھارەت ئېلىپ كىرىپ، كۆرپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، مۇقام نەغمىلىرىنى ناھايىتى ئەستايىدىل باشلايتتىكەن. ياشنىپ قالغان چاغلىرىدىمۇ بىر ئولتۇرغىنىچە بىر ـ ئىككى سائەت ئۈزمەي نەغمە قىلىپ، ئاخىرىنى يەنە دۇئا بىلەن ئاياغلاشتۇراتتىكەن. كارۇشالڭ ئاخۇنۇم توغرىسىدا ھازىرغىچە يېزىلغان ماتېرىياللاردا: «كارۇشالڭ ئاخۇنۇم ئىلىدا ئاساسەن «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ داستان، مەشرەپ قىسىملىرىنى ئومۇملاشتۇرغان» دەپ يېزىلغان. كارۇشالڭ ئاخۇنۇمدەك تونۇلغان مۇقام ئۇستىسىنىڭ ئۆز شاگىرتلىرىغا «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ چوڭ نەغمە قىسمىنى تاشلاپ قويۇپ، داستان، مەشرەپ قىسمىنىلا تارقىتىشتەك خاتالىقنى ئۆتكۈزۈشى ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش. ئۇنداقتا، كارۇشالڭ ئاخۇنۇم ئىلىدا 40 يىل تۇرۇپمۇ نېمە ئۈچۈن «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ چوڭ نەغمىلىرىنى ئومۇملاشتۇرالمىدى؟ گەپ ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ قوبۇل قىلالمىغىنىدا ئىدى.

ئىلىدا «ئون ئىككى مۇقام»نى مۇقام مۇقەددىمىسى بىلەن باشلاپ داستان، مەشرەپ قىسىملىرىنى ئورۇنداش بىلەن ئاياغلاشتۇرىدىغان بۇ خىل شەكىل كارۇشالڭ ئاخۇنۇم ئىلىغا چىقىشتىن ئىلگىرىكى تالاي يىللارنىڭ ئالدىدىلا شەكىللىنىپ بولغانىدى. ئەينى يىللاردا كارۇشالڭ ئاخۇنۇمدىن مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئۆگەنگەن ھاسان تەمبۇر، بارات تەمبۇر، جامى ئاكا قاتارلىق كىشىلەر ئىلىنىڭ يەرلىك ناخشا ـ مۇزىكىلىرىغا پۇختا چالغۇچىلار بولۇپ، مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئورۇنلاشتىمۇ ئۇلاردا ئىلىدا بۇرۇندىن قېلىپلىشىپ قالغان ئەنئەنىۋى ئادەتنىڭ تەسىرى چوڭقۇر ئىدى. بۇ كىشىلەر كارۇشالڭ ئاخۇنۇمدىن مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەندە مۇقامنىڭ چوڭ نەغمىلىرىگە ئانچە قىزىقماي يەنىلا داستان، مەشرەپ قىسىملىرىدىكى ئۆزى بىلمىگەن ياكى چالا بىلگەن، ئۇنتۇلغان ئاھاڭلارنى ئۆگىنىپ، تولۇقلاپ ماڭغان. ھېزىم موللا ئاكا ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى ئەسلىمىسىدە يەنە: «كارۇشالڭ ئاخۇنۇم: ئىلىنىڭ خەلقى ناخشا ـ سازنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن، چوڭ نەغمىلەر بىلەن كارى يوقكەن، دەپ رەنجىگەن ئىدى» دەپ يازىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئىلىدىكى ساز تىڭشىغۇچىلارمۇ مۇقام مۇقەددىمىسىدىن كېيىن داستان بىلەن مەشرەپنىلا ئورۇندايدىكەن. ئىلىدا ئىلگىرىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كونا ئەنئەنىگە ئۆگىنىپ قېلىشقانىدى. تېخى خەلق ئارىسىدا مۇقام مۇقەددىمىسىدىن كېيىن خەلق ناخشىلىرىنى ئۇلاپ ئېيتىدىغان شەكىل كۆپرەك تارقالغان بولۇپ، خەلق

مۇنداق سازەندىلەرنىمۇ «مۇقامچى» دەيتتى.

ماتېرىياللاردىن بىزگە ئېلى دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىن يەتتىسۇ تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتكەن موللا گايىت، پەخەم قاتارلىق سازەندىلەرنىڭ ئۇ يەرگە مۇقام ئاھاڭلىرىنى تارقاتقانلىقى مەلۇم. بۇ مۇقامچىلارنىڭ چېلىش ئۇسۇلىمۇ مۇقام مۇقەددىمىسى، داستان، مەشرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئىلى ۋارىيانتى شەكلىدە بولسا كېرەك، تارىختا ئىلى ئۇيغۇرلىرى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ، مەدەنىيەت ياراتقان يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىمۇ چوڭ نەغمە ئومۇملاشمىغان. كېيىن، كارۇشالڭ ئاخۇنۇم بىلەن بىللە ئىلىغا چىقىپ، يەتتىسۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن ئاخۇن بالا دېگەن سازەندە يەتتىسۇ دائىرىسىدە مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، ئۇمۇ ئوخشاشلا چوڭ نەغمىلەرنى ئومۇملاشتۇرالمىغان. ئاتا ـ بوۋىلىرى كەسپىي سازەندە بولۇپ ئۆتكەن قەشقەر ئاتۇشلۇق يەنە بىر مۇقام ئۇستىسى موللا ئابلا (ئابلا دۇمباق) ئىلىغا چىقىپ، كارۇشالڭ ئاخۇنۇم بىلەن بىر دەۋردە سۈيدۈڭدە تۇرۇپ، بۇ كىشىمۇ سۈيدۈڭدىكى يەرلىك چالغۇچىلار ئارىسىدا چوڭ نەغمىلەرنى ئومۇملاشتۇرالمىغان. بۇ ئەھۋاللار بىزگە «ئون ئىككى مۇقام»نى باشقىچە بىر نۇسخىدا ئورۇنداشنىڭ ئىلىدا كارۇشالڭ ئاخۇنۇم دەۋرىدىن ئىلگىرىلا شەكىللىنىپ، ئادەتكە ئايلىنىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

گەرچە كېيىنكى چاغلاردا روزى تەمبۇر، ھۈسىيىن تەمبۇر قاتارلىق ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئانچە چىرمىلىپ قالمىغان ياش چالغۇچىلار كارۇشالڭ ئاخۇنۇمنىڭ بارلىق ھۈنەرلىرىنى تولۇق ئىگىلىۋېلىشقا ئوتتەك قىزىققان بولسىمۇ، بۇ چاغدا كارۇشالڭ ئاخۇنۇمنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى، بۇ ياش تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئاخۇنۇم بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىنىڭ تولىمۇ قىسقا بولغانلىقى سەۋەبىدىن چوڭ نەغمىلەرنى ئىگىلەش ۋەزىپىسىنى ئۇلارمۇ ئورۇندىيالمىدى. ھازىر بىز «ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىلى ۋارىيانتى» دەپ نام بەرگەن مۇقام مۇقەددىمىسى، داستان ۋە مەشرەپلەردىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئىلى مۇقامى» قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ياكى بىرەر شەخسنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشى بىلەن، بىردەملىك شەكىللەنگەن نەرسە بولماستىن، ئۇ ئىلى ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتىدىكى ئۇزاق تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر.

لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن كارۇشالڭ ئاخۇنۇم قاتارلىق مۇقام ئۇستىلىرىنىڭ ئىلى مۇقامچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قوشقان تۆھپىسىگە كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ. ئۇلۇغ دەپتەرپىلەشكە تامامەن ھەقلىق مۇزىكا ئۇستازى كارۇشالڭ ئاخۇنۇم ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە «كۆچ ـ كۆچ» قالايمىقانچىلىقلىرىدا ئۈنتۈلغان نۇرغۇن مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئىلى چالغۇچىلىرىنىڭ ئېسىگە سالدى، چۈشۈپ قالغانلىرىنى تولۇقلىدى، خاتا چېلىنىپ كەلگەنلىرىنى تۈزىتىپ ئىلى مۇقامچىلىقىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈردى؛ ئاۋامنىڭ مۇقام ئاھاڭلىرىغا بولغان قىزىقىشىنى قايتا ئويغاتتى. شۈبھىلىشقىمۇ بۇ زات ئىلى خەلقى ۋە چالغۇچىلىرىنىڭ بىردەك ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى.

كارۇشالڭ ئاخۇنۇم 1923 ـ يىلىدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئاخۇنۇم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇتقان ساتارى ھاكىمبەگ غوجا ⑭ ئوردىسىدا ساقلانغان ئىكەن. غۇلجىدا 1934 ـ يىللىرى ئەتراپىدا سانائىنەپىسە قۇرۇلغاندا، بۇ يېڭى تەشكىللەنگەن سەنئەت ئۆمىككە ھاكىمبەگ ئوردىسىدىن گىلەم، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا كېرەكلىك بۇيۇملار ئىئانە قىلىنغان بولۇپ، شۇ قاتاردا كارۇشالڭ ئاخۇنۇمنىڭ تەۋەررۇك ساتارىمۇ ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنىكەن. كېيىن بۇ ساتارنىڭ كىملەرنىڭ قولىدا قالغانلىقى نامەلۇم.

ئىزاھلار:

① «قازاق ئېنسىكلوپېدىيىسى» 2 ـ توم، 125 ـ بەتكە قاراڭ.

② «تارىخىي موسقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى 53 ـ بەت.

③ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى تۈزگەن «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر مەدەنىي يادىكارلىقلار» دېگەن كىتابنىڭ خەنزۇچە 69 ـ بېتىگە قاراڭ.

④ «تارىخىي موسقىيۇن» مىللەتلەر نەشرىياتى 64 ـ بەت.

⑤ ليۇزىشاۋ: «ئۇيغۇرلار تارىخى» ئۇيغۇرچە 735 ـ بەتكە قاراڭ.

⑥ «تارىخىي موسقىيۇن» 85 ـ بەت. ئەنۋەر بايتۇر، خەمىت تۆمۈرلەرنىڭ ئابدۇرىشىتخانغا بەرگەن ئىزاھاتىغا قاراڭ.

⑦ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1982 ـ يىل 2 ـ سان.

⑧ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» 262 ـ بەت.

⑨ «تارىخ خەمىس شەرقى» ـ شەرقىنىڭ بەش تارىخى. بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ۋەقە بۇ ئەسەرنىڭ 1 ـ توم «پەرغانە خانلىرى ھەققىدە» دېگەن قىسمىدىن ئېلىندى.

⑩ كارۇشالڭ ـــ خەنزۇچە «كاۋرۇشياڭ» يەنى «كاۋاپ مەززىلىك» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى.

⑪ توڭچى ـ تەرجىمان.

⑫ توغرا، توغرا، كاۋاپنىڭ پەيزى بار.

⑬ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1982 ـ يىل 2 ـ سان.

⑭ بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ھاكىمبەگ غوجا ئىلى ھاكىمبەگلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى «غىياسىدىن ھېكىم» (جاھانگىر غوجا)نى كۆرسىتىدۇ.

# ئالتۇندەك بالىكەنلا



2006.3

ھويلامدىكى جىگدەمنى،
خەقلەر كېلىپ ئەگمىسۇن.
ئۇرۇق ـ تۇغقان قۇدا بولدۇق،
خەقنىڭ كۆزى تەگمىسۇن.

كىچىككىنە چىلگەم بار،
پىچىپ بەرسەم يەلىمۇ؟
ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتۇپ،
بىزنى كىچىك دەلىمۇ؟

ئاق پىيازنىڭ پوستىمەن،
كۆك پىيازنىڭ پوستىمەن.
بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان،
سەن يارىمنىڭ دوستىمەن.

گۈل قىسىپمۇ چىقمايسەن،
باغىڭدا گۈلۈڭ يوقمۇ؟
چىرايىڭنى ئاچمايسەن،
كۆڭلۈڭدىكى يار يوقمۇ؟

ئاسمىنىمدا ئايىم بار،
بېدىلىكتە تايىم بار.
سىز يارىمغا دەملىگەن،
بىر پىيالە چايىم بار.

ئاق قوناقنىڭ باشلىرى،
كۆك قوناقنىڭ باشلىرى.
تاشلىق سايدا ئىشلەيدۇ،
ئاتۇشنىڭ ياش باللىرى.

كۆردۈڭلارمۇ خالايىق،
زورىخاننىڭ ئىشىنى.
مەدىكارغا داملىتىپ،
سەككىز ئالتۇن چىشىنى.

ئارقىدا غىچ ـ غىچ قىلىدۇ،
مەدىكارنىڭ غالتىكى.
ئابدۇقادىر بەگنى ئۇرۇپتۇ،
قوش غوجامنىڭ① كالتىكى.

---

① قوش غوجام—ئادەمنىڭ ئىسمى.

توپلىغۇچى: رۇقىيە ئابلىكىم (ئاتۇش شەھەرلىك 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ)

# بىزنىڭ تۇرمۇش



نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

## بەخت، تەلەي مەسلىسى

بەخت ۋە تەلەي مەسلىسى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدىغان مەسلىلەردىن بىرسى بولسا كېرەك، چۈنكى بىز «ئەلنىڭ ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشنى بەختتىن، ۋەلنىڭ ئىشىنىڭ ئوڭشالمىغانلىقىنى بەختسىزلىكتىن» كۆرىمىز. شۇڭلاشقا بىزدە «ۋەلىلەرنىڭ ئىشى ئازراق مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىسا، ئۆزلىرىنىڭ تەلەيسىزلىكلىرىدىن دەپ ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ»، «بەرىبىر بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئوڭشالمايدۇ» دەپ قوللىرنى سىلكىپ، ھەتتا قىلىۋاتقان كەسپلىرىنىمۇ توختىتىدۇ. دېمەك، بۇنىڭ سەۋەبىدىن پۈتۈن بىر ئائىلە پەرىشانلىققا دۇچار بولۇپ، ھالاكەت يولىغا كىرىدۇ.

شۇنداقلا بەزەن «ئەللىرىمىزنىڭ ئازراق بىر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئۆزىنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلىكتىن، ھەر قانداق ھەرىكەتتە چىن ئىخلاسى بىلەن ئىشلىگەنلىكتىن، مۇتلەق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىغا ئۈمىد ھاسىل قىلغانلىقىدىن» دەپ قارايمىز. شۇنىڭ ئارقىسىدا ئۇلار ھەر قاچان مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ، ھامان ئىشى ئالغا باسىدۇ.

بۇ يالغۇز بىر كىشى، شەخسلەردىلا ئەمەس، ھەتتا مىللەتلەر ۋە ھۆكۈمەتلەردىمۇ شۇنداق. ئۆزلىرىنىڭ بەختسىزلىكىگە ئىشەنگەن مىللەت مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن مىللەت غالىب بولىدۇ. مىللىي مەتبۇئات «دۇنيادا مۇسۇلمانلاردىن بەختسىز خەلق يوق دەيدۇ»، بۇ بەك دۇرۇس. بىز بۇنىڭغا ئىشىنىمىز ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ بەك ئىخلاس كۆڭۈل بىلەن ھەر زامان ئېيتىدىغان شېئىرىمىز شۇدۇر:

«تەلىيىمدۇر تا ئەزەلدىن، ھەر ئىشىم بۇزغۇن چۈشۈر.
بۇلبۇلغا قۇرسام توزاقنى، بەختىمگە قۇزغۇن چۈشۈر».

مانا شۇنداق، بەخت ۋە تەلەي دېگەن نېمە؟ ئۇ زادى بارمۇ، دېگەن سوئاللارغا «شۇرا» ژۇرنىلى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ جاۋاب بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## يەتتىسۇ تارانچىلىرى

ياركەنت تارانچىلىرىنىڭ ھەر قايسىسى بىر تۈرلۈك ئىشقا كىرىشىپ، تارانچىلىق (دېھقانچىلىق) ئىشىغا تولا

ئەھمىيەت بەرمىگەن ئىدى. مۇنداق تارانچىلىقتىن بەزگەن ھورۇنلارنىڭ يەر-سۇلىرىنى مەشھۇر ۋېلىباي يولداشېۋ ئۇزۇن مۇددەت بىلەن ئىجارىگە ئېلىپ، ئۇلارنى يەر-سۇلىرىدىن ئاجرىتىۋەتتى. ئۇششاق-چۇششەك كەسىپ ۋە سودىدىن بەھرە ئالالمىغانلار بايىقى يەر-سۇلىرىنى يانىدۇرۇپ ئېلىپ تارانچى بولاي دېسە، يولداشېۋ قايتۇرۇپ بەرمەيتتى. يەرلىرىنى ھۆكۈمەت ئارقىلىق ئېلىش بولسا تېخىمۇ تەس ئىدى. چۈنكى يولداشېۋ ھۆكۈمەت ئالدىدا ئېتىبارلىق بىر زات ئىدى. شۇ سەۋەبتىن يولداشېۋ تارانچى كەمبەغەللىرىنى قاقشىتىپ ئالغان پۇللىرىنى ئورۇس مەنسەپدارلىرىنىڭ مېھماندارچىلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ ئاياللىرىغا قىلىنىدىغان سوۋغىلارغا سەرپ قىلاتتى. يولداشېۋ ئورۇس گېنېراللىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن پادىشاھ نىكولاي بىلەن كۆرۈشكەن. دېمەك، يولداشېۋنىڭ ئالتۇنلىرى ئۆزى ئۈچۈن پادىشاھتىن تارتىپ، بارچە مەنسەپدارلارنىڭ ئىشىكىنى ئاچقان ئىدى. يولداشېۋ بىلەن زامانداش نىزامىدىن ئاخۇن كەبى ھۆر پىكىرلىك موللىلارمۇ ئۇنىڭ زۇلۇمىغا گىرىپتار بولغان ئىدى. ئۇلار ئۆز مۇھىتىغا قاراپ، يالغان تەسەۋۋۇپ (سوفىزم) خىياللىرى بىلەن ئۆمۈر كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان.

يارکەنت تارانچىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى تۆۋەنرەك بولسىمۇ، باشقا ياقىلاردىكىلەردىن خېلى ئوبدان ئىدى. ئىشلار شۇ تەرىقىدە باي دادامنىڭ دېگىنىچە بولۇپ تۇرغاندا 1904-يىلى ئورۇس-ياپون ئۇرۇشى چىقتى. بۇ ئۇرۇشتا ئورۇسلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. مەملىكەتنى قوزغىلاڭ قاپلىدى. ھۆكۈمەت خەلق ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ قالايمىقانچىلىقنى باسماق ئۈچۈن1905 -يىلى ھەممىگە مەلۇم بولغان ئۆكتەبىر خىتابنامىسىنى ئېلان قىلدى. خىتابنامىنىڭ مەزمۇنى شۇ ئىدى: ھەر كىمنىڭ شەخسىي ھۆرلۈكى، ئۆي-جايلىرىنىڭ ئەمىنلىكى، سۆز، جەمئىيەت، مەتبۇئات ئەركىنلىكى مەملىكەت قانۇنلىرىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى تەرىپىدىن تەستىق قىلىنماي تۇرۇپ، كۈچكە كىرمەسلىكى ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ خىتابنامىنىڭ تەسىرى بىلەن تەرەققىيپەرۋەر تارانچى ياشلىرىنىڭ قەلبىدە «تەرجىمان» ژۇرنىلىنىڭ تەسىرى بىلەن سىڭگەن ھۆررىيەت ۋە تەرەققىيات غايىسى تارانچى خەلقىنى تەرەققىياتقا ۋە سائادەتكە يەتكۈزۈش توغرۇلۇق ئەمەلىي ۋە غايىۋى پىكىرنى قوزغىدى ۋە بۇنىڭغا تۇسالغۇ بولۇپ تۇرغۇچىلارغىمۇ تەسىر قىلدى. بۇلار ھە دېگەندە تارانچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش يولىدا تەۋرەندى. تەبىئىيكى، بۇ يولغا مېڭىش بىلەن كەمبەغەل تارانچىلارنىڭ قولىدىن چىقارغان يەر- سۇلىرىنى يولداشېۋتىن ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى تۇغۇلدى. بۇ ئىش يولداشېۋنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىگە تەگدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلە قوزغىلىشى بىلەنلا يولداشېۋ ياشلارغا قارشى چىقتى ۋە تارانچى خەلقىنى پىرقىلەرگە بۆلۈپ ئىككىگە ئاجراتتى. بايلار، بەگلەر بىر ياق؛ ياشلار، كەمبەغەللەر، يەرسىزلەر بىر ياق... تارانچىلاردا ئۆزئارا ئۇرۇش-تالاش باشلاندى. ياشلار خەلقنىڭ ئۆز ياقىلىرىدا ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، بايلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سايلام ئۇسۇلىدىن پايدىلانماقچى بولدى ۋە بۇ يولدىكى ئاز- تولا ھەرىكەتلەر ئارقىسىدا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. لېكىن كونا بەگلەر بىلەن بايلار خەلقنى ئاقچا بەدىلىگە ئۆز پىرقىلىرىگە قوشۇش بىلەن جاۋاب بەردى.

ئۇ ۋاقىتنىڭ سىياسىتىگە بىنائەن ھۆكۈمەت ئەربابى بايلار پىرقىسىنى ياقىلاشقا تېگىشلىك ئىدى ھەم شۇنداق بولدى. بۇ تەرەپبازلىق كۈرەشلىرىدە تەرەققىيپەرۋەر ياشلار مەغلۇپ بولدى. بايلار، موللىلار، بەگلەر ۋە بۇلارغا ئەگەشكەن پۇقرالار تەرەققىيپەرۋەر ياشلارغا نەپرەت ئېيتىپ، كالتە چاپان لەقىمىنى چاپلىدى. كالتە چاپانلارنىڭ تولاراقى خەلق يولىدا جاپا چەككۈچى پىداكارلاردىن ئىدى.1906 - يىلى يارکەنتتە تارانچىلارنىڭ مىللىي، دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى قاراش ھەمدە دۆلەت دۇماسىغا ۋەكىل سايلاش توغرىسىدا قۇرۇلتايلار بولدى. بۇ قۇرۇلتاي يولداشېۋنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۆتكەنلىكتىن، تۇم قارا يولداشېۋنى دۇماغا ۋەكىل قىلىپ سايلاشقا قارار چىقاردى. ياشلار نارازى بولۇپ، نارازىلىقىنى مەتبۇئات ئارقىلىق ئېلان قىلدى.

1909-يىلى مۇسۇلمانلارنىڭ مەكتەپ، مەدرىسلىرىگە پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ سۈرەتلىرىنى چاپلاش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ئۇچۇرغا يەتتىسۇدىكى مۇسۇلمانلار، جۈملىدىن، تارانچىلار نارازىلىق بىلدۈردى. باشلىرىمىز كېسىلسىمۇ سۈرەت قويۇشقا رازى ئەمەسمىز دېيىشتى. بۇنىڭغا قارشىلىق قىلغانلارغا جازا بېرىلسىمۇ، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ پەرمانى ئەمەلگە ئاشمىدى. بۇ چاغلاردا تارانچىلارنىڭ ياشلىرى ئازراق بولسىمۇ مەكتەپ، مەدرىسە ئىسلاھاتىغا، يەنى مائارىپ ئىشلىرىغا كىرىشكەن ئىدى. شىمالدا تەرەققىي قىلغان مەتبۇئات ئارقىسىدا يېڭى پىكىرلىك تارانچى ياشلىرىنىڭ سانى ئاشماقتا ئىدى.

مۇتەئەسسىپ قېرىلار ياشلارنىڭ مائارىپ يولىدىكى ھەرىكىتىگە تورسالغۇ بولالماي، چاقۇ قىلىش يولىغا كىرىشتى ۋە بۇ يولدا ئۇلار مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقتى. ياشلارنىڭ مەكتەپلىرى يېپىلدى، مۇئەللىملەر سولاندى، قىيىنالدى. بۇلارنىڭ سۆزىنى ئاقتۇرۇشقا تۆۋەندىكى ۋەقەنىڭ تولۇق ياردىمى تەگدى:

1911-يىلى دېكابىر ئېيىدا بولغان ئىلى ئىنقىلابىغا مۇسۇلمانلار قوشۇلغان ئىدى. يەتتىسۇنىڭ قوشنىسىدا بولغان بۇ ئىنقىلاب روھىنىڭ يەتتىسۇغا تەسىر قىلىشىدىن ھۆكۈمەت قاتتىق ۋايىم قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن يەتتىسۇ خەلقىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرىنى يوشۇرۇن رەۋىشتە تەقىپ قىلىپ تۇردى. شۇ چاغدا ئىلى ئىنقىلابى مۇناسىۋىتى بىلەن «شۇرا»دا «ئالتەشەھەر ئۇيغۇرلىرى» ناملىق ماقالە بېسىلىپ چىقتى، مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاداغىدا (ئاخىرىدا) مۇسۇلمانلارنىڭمۇ خەنزۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىنقىلاب يولىدا ھەرىكەت قىلىشى لازىملىقى يېزىلىپ، «ياركەنتتە توغرۇ» دېگەن ئىمزا قويۇلغان ئىدى. مانا شۇ نەرسىنى مۇتەئەسسىپ قېرىلارنىڭ چېقىشتۇرۇشى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ تارانچىلارنى تىنتىش-ئاختۇرۇشقا كەڭ يول ئېچىلدى. ئۇلار توغرۇنى تاپالمىغان بولسىمۇ، ياركەنت ناھىيىسىدىكى ھەممە مەكتەپلەر يېپىلدى. ئەڭ چەت يەرلەردىمۇ تىنتىش-ئاختۇرۇشلار بولدى. مەتبۇئات بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ياش بوغۇننى توختاتتى. 1914 - يىلى ئىيۇل ئېيىدا ئاۋسترىيە بىلەن سۇرىيە ئارىسىدا ئۇرۇش چىقىشى جاھان ئۇرۇشىغا ئوت تۇتاشتۇرغان ئىدى. بۇ پۈتۈن دۇنيانى ياندۇرغان، بەنى بەشەرنىڭ پالاكىتىگە سەۋەب بولغان، كەمبەغەللەرنى قان دەرياسىغا غەرق قىلغان ياۋروپا يانغىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر بۆلىكىدە ياتقان مەزلۇم، مەھكۇم تارانچى خەلقىنىمۇ پالاكەت ۋە سائادەتلەردىن ئۈلۈشسىز قالدۇرمىدى.

1916-يىلى ئىيۇن پەرمانى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىسى ئۇرۇش مەدىكارلىقىغا چاقىرىلدى. بۇ پەرمانغا تالاي ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىسى نارازىلىق كۆرسىتىپ، نارازىلىق ۋە ئىسيان ھەرىكەتلىرىدە بولدى. ھۆكۈمەت بۇ پەرمان توغرىسىدا يەرلىك خەلقتىن شۇنداق قاتتىق قارشىلىق كۆرگەن بولسىمۇ، پەرماننى ياندۇرۇپ ئالمىدى. ئۆز پەرمانىدا چىڭ تۇردى. ئاخىرىدا بۇ مەدىكارلىق مەسىلىسى چوڭ ماجىرالارغا سەۋەب بولدى. 1916 - يىلى 9-ئاۋغۇست قازاق، قىرغىز ھەم تۇڭگان تائىپىلىرى مەزكۇر پەرمانغا قارشى قوزغىلاڭ چىقاردى. قاراقول قىرغىزلىرى ھۆكۈمەت تەرەپدارلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ تۇرغاندا، قارقارا قازاقلىرى ھۆكۈمەتنىڭ مۇنتىزىم ئەسكىرىگە قارشى تۇرالماي قاچتى. قازاق ئۇرۇشىدىن بوشىغان ھۆكۈمەت ئەسكىرى قاراقولدا مەغلۇپ بولغان ئەسكەرلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئىختىلالچىلارنى باستۇردى. تۇڭگان، قىرغىزلارنى قىردى. قارقارا سودىگەرلىرى ئاقسۇ كۆۋرۈكىدە ئەسكەرلەر تەرىپىدىن قىرىلىپ كەتتى. قارقارا كۆيدۈرۈلدى. تاغقا قاچقان قازاق، قىرغىز خەلقى ئالاۋباشى ۋادىسىدا ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن توغرالدى. بۇ ۋادىدا مەجرۇھ بولغان بىر قىرغىزنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، مەجرۇھلاردىن ھەپتىلەرگىچە ئىڭراشقان ئاۋازلار چىقىپ تۇرغان ئىمىش. قازاق، قىرغىزلارنىڭ ھۆكۈمەت قىلىچىدىن قۇتۇلغان قىسمى جان قاچۇرۇپ، جۇڭگو تەرەپكە كىرگەنىدى. ئۇ يەردىمۇ يەنە شۇنداق پالاكەتكە ئۇچرىدى. ئۇلارنى قالماقلار بۇلاپ - تالاپ، ئۆلتۈرۈپ قىردى. بۇنداق پالاكەت ۋە كاساپەتلەرگە ئۇچراپ، مال-مۈلۈك، خانى 1 ماندىن ئاجرىغان غېرىب قىرغىزلار قىش پەسلى كىرىشى بىلەن ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقى، قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن ھەر بىر ئازگال ۋە دالىدا سۈرۈكى (توپى) بىلەن قىرىلىپ كەتتى. بۇ بىچارىلەرگە ياردەم قولنى سوزغۇچى بولمىدى. غۇلجا مۇسۇلمانلىرىدىن بېرىلگەن ياردەم ئېھتىياجنى قاندۇرالمايتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆزبېكلىرىدىن جىززاق خەلقىمۇ قوزغالغان ئىدى، بىراق، ئۇ بوزەكلەرنىڭ كۆلىمۇ كۆككە سورۇلدى. مانا شۇنداق قانلىق پاجىئەلەردىن ئىبرەت ئالغان تارانچى خەلقى ئىيۇن پەرمانىغا ئىتائەت قىلىپ مەدىكار بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۆكتەبىر ئېيىدا ياركەنت ناھىيىسىگە قاراشلىق تارانچىلاردىن بىر مىڭ مەدىكار ئېلىنىپ، يېكاتېرىنوسلاۋ ۋىلايىتىگە ئەۋەتىلدى.

ئىيۇن پەرمانىغا قارشىلىقتا ئەيىبلىنىپ توققۇز تارانچى ئېتىلدى. تارانچىلار ئىلى ۋىلايىتىدە 100 مىڭ جان (1914-يىلقى رەسمىي ھېساب بويىچە)، يەتتىسۇدا 110 مىڭ جان (1917)، مەرۋىدە 1 مىڭ جان، جەمئىي 211 مىڭ جان بولغان.

بۇندا كۆرسەتكەن سان ئىلى مانجۇرلىرىنىڭ قولىدىكى تارانچىلارنى كۆرسىتىدۇ. قومۇل ۋە تۇرپان تارانچىلىرىنىڭ كۆپلۈكىمۇ سەيياھلارنىڭ ساياھەتنامىلىرىدىن مەلۇمدۇر.

(داۋامى بار)

**1991 - يىلى ئالمۇتادا نەشر قىلىنغان «يورۇق ساھىللار» ناملىق كىتابتىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن**

# بەدىئىي سۆرەت ـ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى



ئەخمەتجان ئەخمەم

ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئۇيغۇر خەلقى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئاجايىپ قىسمەت ـ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئىخچام، ئوبرازلىق گۈزەل تىلى بىلەن تارىخ بېتىگە ئۆچمەس سىياھلاردا يېزىپ قالدۇرغان. ئۇ بولسىمۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىلىرىغا سىڭىپ تارىختىن تارىخقا ئۇلىنىپ، ئېغىزدىن ئېغىزغا يەتكۈزۈلۈپ، ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ناخشىلىرىنىڭ ئاساسى — خەلق قوشاقلىرىدۇر.

بۇ ناخشا ـ قوشاقلار ئىشچان خەلقنىڭ دەردلىرىگە داۋا، مۇڭلىرىغا مۇڭداش، سەپەرلىرىدە ھەمراھ، يالغۇزلۇقىدا دىلكەش، جۇدالىقلىرىدا سىرداش بولۇپ، ئۇزاق تارىخنىڭ گۈزەل بىر سەھىپىسىنى ياراتقان ۋە ياراتماقتا.

بىز شۇ گۈزەل، يېقىملىق مۇزىكىلارغا سىڭىپ ئېيتىۋاتقان قوشاقلاردىكى يوشۇرۇن بېشارەتلەرگە، سىرلىق ئوخشىتىشلارغا ۋە دارىتما كىنايىلەرگە زېھنىمىز بىلەن دىققەت قىلىدىغان بولساق، تارىختىكى ئاجايىپ مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. ئەلۋەتتە، گەپ بىر نەرسىنى كۆز بىلەن كۆرۈشتە ياكى بىرەر نۇۋەت ئوقۇپ قويۇشتىلا ئەمەس، بەلكى چوڭقۇرلاپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ھەقىقىي ماھىيىتىگە يېتىشتە. نەتىجە شۇنىڭغا ئوخشىغان تەكرار ـ تەكرار پىكىر يۈرگۈزۈشتىن ھاسىل بولىدۇ.

بىز قوشاقلىرىمىزنى ئاددىي ناخشا سۈپىتىدە ئاڭلاپ، ئېغىز ئەدەبىياتى دېگەن نام بىلەنلا ئاتاپ رەتلەپ قويساقلا كۇپايىلەنمەيدۇ. ئەلۋەتتە، يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش، باھاسىز خىزمەت. ئەمما، تەتقىق قىلىش تارىخ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش نۆۋەتتىكى مۇھىم ئىلمىي خىزمەتلەرنىڭ بىرى.

ھەر قانداق تارىخنىڭ ئەينەنلىكى ئۆتنۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇنىڭ ئەل ئىچىدىكى، ئۇچۇرى ئۆتنۈلۈپ كەتمەيدۇ. ئەنە شۇ ئۆتنۈلماس تارىخىي ئۇچۇرنىڭ دەل ئۆزى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدۇر. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنى تەتقىق قىلىپ كۆرسەك، ئۇنىڭدىن بىز تارىختىن ئۇچۇر، بۇ قەدىمىي يۇرت ـ ماكانىمىزدىن ئۇچۇر، نامى مەشھۇر بولغان ئالىم ـ قەھرىمانلىرىمىزدىن ئۇچۇر، كۆل ۋە دەريالىرىمىزدىن ئۇچۇر دېگەندەك، ئۆزىمىزگە تەئەللۇق بولغان نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت بايلىقلىرىمىزدىن ئۇچۇرغا ئىگە بولالايمىز.

مەسىلەن، تۆۋەندىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمىي قوشىقىنى كۆرۈپ باقايلى:

ئالىپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ،
ئىسسىز ئاۋۇن قالدىمۇ.
ئۆرلەن ئۆچىن ئالدىمۇ؟
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

(تەرجىمىسى: ئالىپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ، ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ، پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ، ئەمدى يۈرەكلەر تىلىنماقتا)

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى بۇ قوشاق مىلادىدىن نۇرغۇن يىللار بۇرۇن ئۆتكەن تۇران دۆلىتىنىڭ ئالەمگە مەشھۇر پادىشاھىدىن بولغان ئاپراسىياپنىڭ ۋاپاتىدىن ئۇچۇر بېرىۋاتىدۇ.

خەلق قوشاقلىرى ئاسماندىن چۈشۈپ قالغان ياكى يەردىن

ئۇنۇپ چىققان بولماستىن، نامى نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن، يەنى هايات مۇساپىلىرىنى ئىبرەت كۆزى بىلەن كۆزىتىپ ياشىغان دانالار تەرىپىدىن ئىپتىلغان ياكى يېزىلغان پاساهەت، بالاغەت جەھەتتە تويۇنغان مۇكەممەل نادىر شېئىردۇر. ئۇنىڭ پىكىر ۋە پەلسەپىلىكى پېشقەدەم دانانىڭ لەۋزىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ تىلىنىڭ ئىخچام، دانىمۇ دانە، دەل جايىغا ئىشلىتىلىشتەك گۈزەللىكى ئېسىل ئالتۇنغا قويۇلغان مەرۋايىتتەك كۆرگۈچىنىڭ كۆزىنى، ئاڭلىغۇچىنىڭ ئەقلىنى ھەيرانلىقتا قالدۇرىدۇ.

مىسال ئۈچۈن داڭلىق يازغۇچىمىز مەرھۇم زۇنۇن قادىرىنىڭ مۇنۇ سۆھبەت خاتىرىسى ھەممىگە يېتەرلىك جاۋاب بولالايدۇ. زۇنۇن قادىرى ئەللىك نەچچىنچى يىلى ھۇسەنجان جامى، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف قاتارلىق سەنئەتكارلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ، بىر كونسېرتتىن قايتقىنىدا، ئۇنى ئوقۇمۇشلۇق بىر ئەزھەر كىشى ئىزدەپ كەلگەنىكەن، سۆھبەت ئارىسىدا ھېلىقى كىشى زۇنۇن قادىرىغا:

ــــ دۇنيادا ھەممە خەلقنىڭ خەلق قوشاقلىرى بار، لېكىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوشاقلىرىدەك پاساھەتلىك، ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئەقلىنى ھەيران قالدۇرىدىغان قوشاق يوق. مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ ھەيران، قوشاق سىلەرنىڭ قوشاقتەك بولمامدۇ.

ئاسمىنىڭدا ئاي بولۇپ،
جىمى ئالەمنى تەڭ كۆرسەم.

دېگەن قوشاقنى دۇنيادا مەن ئاڭلاپ باققان ئەمەس. قاراپ بېقىڭە، ئاسماندا ئاي بولسۇنۇ جىمى ئالەمنى تەڭ كۆرسۇن. بۇ نېمىدېگەن تەسەۋۋۇر، بۇنداق يۈكسەك تەسەۋۋۇرنى بەلكىم ئىجاد قىلغان ئۆزۈڭلارمۇ ھېس قىلمىغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن. بۇنداق يۈكسەك ئارزۇ ـ ئارماننى ئىككى مىسراغا سىغدۇرۇش ھېچقايسى مىللەتنىڭ تىلىدىن كەلمەسلىكى مۇمكىن، ـ دېگەنىكەن.

زۇنۇن قادىرىنىڭ سۆھبىتىدىن ئېلىنغان بۇ مىسال بىزنىڭ قوشاقلىرىمىزنىڭ تىل گۈزەللىكىنى، پىكىر گۈزەللىكىنى ۋە بەدىئىي گۈزەللىكىنى ئىخچام ھەم چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ بوغۇم ـ بوغۇم، مىسرا ـ مىسرالىرىغا دەسلەپكى رېئالىزمنىڭ ئۆچمەس قېنىنى سىڭدۈرگەن. ئۇ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ رومانتىزىملىق بوغچىلىرىدىن يۇلقىنىپ چىقىپ، مېھنەتكەش خەلقنىڭ ھالىغا ھال، دەردىگە دەرمان بولۇپ گۈزەل ۋە ئۆزلۈلمەس بىر سەھىپىسىنى ياراتتى.

بۇ ئۆزلۈلمەس سەھىپە، جاپالىق تارىخ مۇساپىسىدە شۇنچىلىك يۈكسىلىپ باردىكى، كېيىنكى دەۋرلەردە دۇنيادىكى بارچە ئىلىم ئەھلىنىڭ كۆزىنى چاقناتتى، ئەقلىنى لال قىلالىدى. بۇ پىكرىمىزنى بىز زۇنۇن قادىرىنىڭ يۇقىرىقى خاتىرىسى بىلەن دەلىللەيمىز.

خەلق قوشاقلىرى، ئۇ يالغۇز ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىدىغان تۆت مىسرالىق قوشاقلار بولۇپ قالماي، ئەينى دەۋرىدە، يەنى ئاشۇ قوشاق دۇنياغا كەلگەن شارائىتتا، شۇ دەۋرنىڭ قىياپىتىنى، يازلىقى ـ قىشلىقى، تار ـ كەڭلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بەدىئىي سۈرەتتۇر. ئۇ قايسى يۇرتتا دۇنياغا كەلگەن بولسا، شۇ يۇرتنىڭ ئېكولوگىيىلىك ھەم جۇغراپىيىلىك شەرت ـ شارائىتلىرىنى، شەھەر ـ سەھرالىرىنى، ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرىنى، گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلىرىنى قويماي سۈرەتلەپ بېرەلىگەن. ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شۇ يۇرتتا ياشاپ ئۆتكەن ئەھلى ـ ئىلىم، قازى ـ قۇززات، بەگ ـ سىپاھلاردىن تارتىپ قەھرىمان ـ غالچىلارغىچە، كەلگۈندى ـ پادىشاھلاردىن تارتىپ، مۇساپىر ـ مۇھاجىرلارغىچە چۈشۈرۈپ قويمىغان. بىز ئەقەللىي بىر قوشاقتىن شۇ قوشاق دۇنياغا كەلگەن شارائىتتىكى دەۋرنىڭ سىياسىي قىياپىتىنىمۇ خېلىلا چوڭقۇر كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

بىز قوشاقلاردىكى جۇغراپىيە تۈسىنى ئالغان بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە تۆۋەندىكىدەك مىسال كەلتۈرىمىز:

يار بېغىدا جىنەستە،
تۈگەپ كەتتى يېمەستە.
مەن ئېگىزدە يار پەستە،
ئۆتۈپ كەتتى كۆرمەستە.

بۇ ئەلۋەتتە قەشقەرگە تەۋە قوشاق، يەنى قەشقەر خەلق ئاھاڭلىرىغا سېلىنىپ ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان قوشاق. بىز بۇ گۈزەل مىسرالار بىلەن تويۇنغان قوشاقنى ئاڭلىغىنىمىزدا كۆز ئالدىمىزغا ئەزىزانە قەشقەرنىڭ تار كوچىلىرىنى، يەنە شۇ كوچىلارنىڭ مەلۇم يەرلىرىنىڭ ئۈستى يېپىق بولىدىغانلىقى ئۈچۈن كۆرۈنۈپ كۆرۈنمەي غىل ـ پال ئۆتۈشۈپ كېتىدىغان كىشىلەرنى كۆرگەندەك بولىمىز.

خەلق قوشاقلىرىنى يەنە بىر مەنىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ بەدىئىي تىلى بىلەن تۇجۇپىلەپ تارتىلغان بىر سۈرەت دېسەك ھەرگىز ئارتۇق كەتمەيدۇ.

دەريانىڭ ئۇ قاتىدا،
كۆرۈنگەن دەرەخ بىزنىڭ،
سىزنىڭ كۆيمىگەن بىلەن،
كۆيىدۇ يۈرەك بىزنىڭ.

دېگەن ئىلىغا تەۋە قوشاقنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئەلۋەتتە ئىلى دەرياسىنى بىر گەۋدە قىلغان بىپايان بىر ۋادا يەنى ئىلى دەريا ۋادىسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. ئالدىدا دەريا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇ قېتىدىكى كۆزگە ئاران كۆرۈنۈۋاتقان تېرەكلىك ئۇنىڭ ماكانى بولغاندا بۇ زېمىننىڭ قانچىلىك كەڭرى كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقساق بولىدۇ.

مانا بۇ يۇقىرىقى ئىككى مىسراغا سىغدۇرۇلغان بەدىئىي سۈرەت ۋە جۇغراپىيە.

بىز بۇ خىل قوشاقلارغا سىڭدۈرۈلگەن يۇرت سۈرەتلىرىنى

سۈرگىنى تولا بۇيرۇپتۇ. سۈرگە دورىسى مۇنداق: سانا بەش مىسقال، تەمرى ھىندى بىر سەر، سەرپىستان ئۈچ سەر، ئادراسمان ئۇرۇقى، بىنەپشە، گۈلسۇرۇخ، تاۋاق گۈل ئۇرۇقلىرىنىڭ ھەر بىرى ئىككى مىسقالدىن، ھەممىسىنى بىر قىلىپ، ئۈچ ئاشقورا سۇدا قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا ئىنەك سۈتىگە ئارىلاشتۇرۇپ، مىزاجىغا بېقىپ ئىچمەك كېرەك.

## بۆرەك ئاغرىقى

بۆرەك ئاغرىقىغا بۇغداي كېپىكىنى تۇز بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، قازاندا قورۇپ بەلگە تېڭىپ، ھەر كۈنى ناشتىدا مائۇلئۇسۇل ئىچمەك كېرەك. بەك ئاجىز بولسا ئۇنىڭغا مەجۇنى پۇلۇنىيانى يېگەي، تېز تۇتماق كېرەك، ئاغرىقنى ئەرەنلىكنى ئاجىزلاتماستىن بۇرۇن بۇ مەجۇننى يېگەي. بۆرىكى كۈچىيىپ مەھكەم بولۇر. مەجۇنى پۇلۇنىيانىڭ تەركىبى: پىتپىتى، بۇزرا بىخلارىنىڭ ھەر بىرى ئىككى سەردىن، كۆكنار يىلمى، زەپەرلەر ئىككى يېرىم مىسقالدىن، سۇنبۇل، ئاقىر قەرھا، كۆكنار ئۇرۇقلىرىنىڭ ھەر بىرى ئىككى مىسقالدىن، قۇندۇز قىرى بىر مىسقال، بوزباغى، كۈچۈلا، بايانلارنىڭ ھەر بىرى ئىككى مىسقالدىن، ئىپار، تېشىلمىگەن مەرۋايىتلارنىڭ ھەر بىرى بەش پۇڭدىن. بۇ دورىلارنى يانچىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئون سەر ھەسەلدە يۇغۇرۇپ مەجۇن قىلىپ، بىر قېتىمدا بەش پۇڭدىن بىر مىسقالغىچە يېگەي.

## سۈيدۈك ماڭمىغاننىڭ ئىلاجى

دابۇسۇن(دوۋسۇن)نىڭ ئاغرىقى سوغۇقتىن بولسا ئۇسسىماس، ئەمما سۈيدۈكى كۆيدۈرۈپ كېلۇر. مۇنداق ئاغرىقنى سىلسىلەبول دەپ ئاتار. بۇنىڭ ئۈچۈن كوندۇر ۋە سەئدىلەرنىڭ ھەر بىرىدىن ئىككى مىسقالدىن ئېلىپ، بىر سەر قەنت بىلەن يۇمشاق يانچىپ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر كۈنى بىر مىسقالدىن ئىككى ۋاقلىق يېگەي.

## سۇرۇخ باد

بۇ ئاغرىقنىڭ ئالامىتى شۇكى: بەدەننىڭ رەڭگى قىزىل بولۇر، تېۋىپ قولنى ئاغرىقنىڭ بەدىنىگە قويۇپ بىر سائەت بېسىپ تۇرسا باسقان يېرى سېرىققا مايىل بولۇر. قولنى قويۇۋەتسە قىزىللىق يەنە ئەسلىگە قايتۇر. مۇنداق كېسەللەر ئۈچۈن سەپرانىڭ سۈرگىسىنى بەرمەك كېرەك. مىزاجنى بىردەك قىلماق ئۈچۈن ئەتە - ئاخشامدا ئىسكەنجىبىن شەربىتى ۋە قاپاق سۈيى ئىچمەك كېرەك. ياش قاپاقنى خېمىرنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئوتقا كۆمۈپ، پىشقاندىن كېيىن ئوتتىن ئېلىپ، سۈيىنى ئىچكەي.

## تەپ ئاغرىقى

تەپ ئاغرىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۈرگىنىڭ ئاسانراقى بۇدۇر: تەمرى ھىندى ئۈچ سەر، بىنەپشە ئۈچ مىسقال، چىلان ئىككى سەر، يانتاق شېكىرى بىر سەر، فىلوس بىر سەر، بۇلارنى ئىككى ئاشقورا سۇدا قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا ئوبدان سۈزۈۋېلىپ، بادام يېغى قوشۇپ، بىر قېتىمدا ئىككى سەردىن يېگەي. غىزاسىغا توخۇ گۆشىنى نوقۇت، ماش ياكى يۇمغاقسۈت بىلەن بىللە پىشۇرۇپ يېگەي. سەۋدادىن بولىدىغان تەپكە بېرىلىدىغان سۈرگە دورىسى بۇدۇر: بۇنى ھەر قانداق خىلت ئۇستۇن كەلگەن ئاغرىققا بەرسە پايدا قىلۇر. سانائى مەككى بەش مىسقال، سېرىق يۆگەي ئۇرۇقى، گاۋزىبان، پۇرسىياۋشان، بېدىيان رۇمى، تەرتىز ئۇرۇقلىرىنىڭ ھەر بىرى ئىككى يېرىم مىسقالدىن، يىگىرمە دانە چىلان، ئۈچ مىسقال ھەشقىپىچەك، ئىككى مىسقال ئادراسمان ئۇرۇقى، بىر يېرىم سەر يانتاق شېكىرى ۋە بىر سەر فىلوسنى بىر ئاشقورا سۇدا قاينىتىپ، يېرىمى قالغاندا غارىقۇننى قىل ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ بىر مىسقال قېتىپ، بىر مىسقال بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ يېگەي. تاماق ئۈچۈن نوقۇت، ماش، توخۇ گۆشىگە دارچىن، سېرىق يۆگەي قېتىپ يېگەي.

قىچىشقاق بولغان كىشى ئەتىگەن ۋە كەچتە ئەرمەن يىلتىزىنى قاينىتىپ ئىچسە ياكى قىچىشقاققا سۈرۈپ بەرسە ياخشى بولۇر. يەنە بىر ئىلاجى: ئالما شەربىتىنى، سىركىنى، ئۆرۈك غورىسىنى گۈل يېغى، كۈنجۈت يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۈرگەي ھەم ئىچكەي. يەنە بىر تۈرلۈك قىچىشقاقنىڭ رەڭگى قىزىل بولۇر، تولا ئاغرىسا قان ئېلىپ، سۈرگە ئىچسۇن. سىركە بىلەن ئەپتىمۇننى بىرلەشتۈرۈپ سۈرسە ھەم ئىچسە ساقىيۇر.

## كۆيۈكنىڭ ئىلاجى

ئەگەر كىشىنىڭ بەدىنى ئوتتا كۆيگەن بولسا كاپۇرنى سىركە بىلەن ئېزىپ، ئاق موزىنى يۇمشاق يانچىپ، بۇ ئۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ كۆيگەن يەرگە سۈرۈپ بەرسە جاراھەت پات ياخشى بولۇر.

## مەجۇنى ئەپلۇنىيا رۇمى

بۇ مەجۇن چىش ئاغرىقى، قۇلۇنجى، يۆتەل، خاپىغانلارغا ۋە بەدەندە يەل سانجىغان ئىللەتلەرگە ناھايىتى

2006.3

پايدا قىلۇر. بۇنىڭ تەركىبى: سۇمبۇل بىر سەر، كەرەپشە تۆت مىسقال، سۇزاب، دارچىن، ئاقىرقەرھا، ھەببى بىلسان، جويۇزلارنىڭ ھەر بىرى ئىككى يېرىم مىسقالدىن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۇرۇپ يانچىپ، ئەلگەپ، بىلسان يېغى، زەيتۇن يېغى ياكى كالا سېرىق يېغى قوشۇپ، ئىككى ھەسسە ھەسەلدە يۇغۇرۇپ، ھەر ئەتىگەندە كەچتە بىر مىسقالدىن يېگەي، ئارتۇق يېمىگەي.

### مەجۇنى مەسىھا

بۇ خارەزىم شاھنىڭ نۇسخىسىدۇر. تائامنى سىڭدۇرۇر، بەلنى قۇۋۋەتلىك قىلۇر. ئىشتىھانى زىيادە قىلۇر، دورىلىرى بۇدۇر: ئاقىر قەرھا ئالتە مىسقال، سارىن بىر سەر، پىتپىتى يەتتە مىسقال، زەپەر ئۈچ مىسقال، مەستىكى سەككىز مىسقال، جويۇز بىر سەر، دارچىن يەتتە مىسقال، يانتاق شېكىرى ئۈچ سەر، ئىپار ئىككى پۇڭ، ئون سەر قەنت. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۇرۇپ يانچىپ تاسقاپ، بىر سەر بادام يېغىدا ياغلاپ، ئۈچ ھەسسە ھەسەلدە يۇغۇرۇپ بىر مىسقالدىن يېگەي.

### مەجۇنى مۇپەررىھى مەھزۇن

بۇقرات ھەكىم بۇ مەجۇننى مۇپەررىھى مەھزۇن دەپ ئاتاپتۇ. بەلغەم ۋە سەۋدا ماددىسى ئېشىپ كۆڭۈل ئاجىز بولغانغا، دىۋانە قاراملۇشلۇققا، پىكرى خىيالى بۇزۇلغانغا، كونا يۆتەلگە، سۈيدۈك ماڭمىغانغا، تۇتقاقلىققا، بەھەققە، بەرەسكە ۋە مېڭىدىن بولغان ئاغرىقلارغا، بوغۇملاردىكى يەللەرگە، مەيدە ئاغرىقىغا، بەدەندىكى يارىلارغا، سارغايغان ئاغرىقلارغا، جىگەر، تال ئاغرىقلىرىغا تولا پايدا قىلۇر. كۆزنىڭ غۇۋالىقىنى ياخشىلاپ روشەن قىلۇر. تەركىبى، قىرەدمانا، نار مۇشكى، چوگو ئۇرۇقى، كۈچۈلانىڭ ھەر بىرى بىر مىسقالدىن، بېدىيان، قۇندۇز قىرى، ھەببى بىلسان، ئۇد بىلسان، ئاسارۇن، دارچىن، دېۋىرقايلارنىڭ ھەر بىرى بىر يېرىم مىسقالدىن، موميا، ئىگىر، بوزباغى، يۇمغاقسۇت، پىرلاڭ، قەلەمپۇر، كۈچۈلا، قارىنى يېرىق، دارچىن ئۇرۇقى، سۇمبۇللارنىڭ ھەر بىرى ئۈچ سەردىن، سۇزاپ بەش مىسقالدىن، ئەپتىمۇن بىر سەر، تۇربۇد ئىككى يېرىم سەر، كونا دېۋىرقاي بىر سەر، يۇغان لاك بىر مىسقال، قىزىلگۈل تۆت مىسقال، ھەلىلە، بەلىلە، ئامىلەلەرنىڭ ھەر بىرى ئالتە مىسقالدىن، قارا زىرە، ئۇردان، تاغ پىيىزى ئۈچ مىسقالدىن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يانچىپ تاسقاپ بادام يېغى بىلەن ياغلاپ ئۈچ ھەسسە ھەسەلدە يۇغۇرۇپ، ئىككى مىسقالدىن يەتتە مىسقالغىچە يېمەك كېرەك.

ئەگەر كىشىنىڭ ئاغزى ئاغرىسا، گاۋزىبان بەلگۈسى بىلەن بەندوزىنى بىر قىلىپ يانچىپ، ئۇنىڭ يېرىمچىلىك ئاق ناۋاتنى ئۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇپ ئاغزىغا سالسا ساقايۇر. يەنە كىچىك بالىنىڭ ئاغزى ئاغرىسا قوي كۆزىنىڭ قارىسىنىڭ ئىچىدىكى ئاق دانىسىنى قۇرۇتۇپ ناۋات بەلەن تالقان قىلىپ مەزلۇم كىشىنىڭ سۈتى بىلەن ئىزىپ ناشتىدا ۋە كەچتە بەرگەي. ھەر بەرگەندە نوقۇتچىلىك بەرگەي، تولا ئىشەنچلىكتۇر.

كىچىك بالىنىڭ قۇلىقىدىن يىرىڭ ئېقىپ، تولا يىغلاپ بىئارام قىلسا ئاغرىغان قۇلاققا مەزلۇم كىشىنىڭ سۈتىنى ساغسا مەنپەئەت قىلۇر. كالا يېغىنى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قۇلاق ئەتراپىغا سۈرگەي، ئاغرىقنى يوق قىلۇر.

ئۈچەيگە يارا چىقسا ئىسھال بولۇر. بۇنىڭغا ئەنجبار شەربىتى بەرمەك لازىم. ئەنجبار شەربىتىنىڭ تەركىبى بۇدۇر: ئەنجبار، ئاق سەندەل، قىزىل سەندەللەرنىڭ ھەر بىرى ئىككى يېرىم مىسقالدىن، بۇنى ئىككى ئاشقۇرا سۇدا قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ ئېلىپ، ئۈچ سەر قەنت سېلىپ، يەنە قاينىتىپ، قىيامىغا كەلتۇرۇپ مىزاجىغا بېقىپ ئىچكەي. تولا پايدا قىلۇر. ئىسھالنىڭ يەنە بىر ئىلاجى: كۆكنارنى قاينىتىپ ئوبدان كۆچى چىققاندىن كېيىن سۈزۈۋېلىپ شەربىتى ئاس ياكى ئالما شەربىتى بىلەن ئىچكەي. پايدىسى كۆپتۇر، يامان تەسىرى يوقتۇر.

ئالما شەربىتىنىڭ تەركىبى، ئالتە سەر تاتلىق ئالما سۈيىگە ئۈچ سەر قەنت سېلىپ، ئوبدان قىيامىغا كەلتۈرۇپ، ئىككىسىنى چېقىپ ئىچكەي.

### ئەزالار تارتىشقاننىڭ بايانى

ئەگەر كىشىنىڭ يۈزى تارتسا نىشارا بولۇر، ئەگەر قورسىقى تارتسا تۆشىنىڭ ئىچكىدىكى سېرىق ئىپتى ئىششۇر. ئەگەر بەدەننىڭ ھەممە يېرىدە بولسا سەكتە بولۇر. بۇنىڭ ئىلاجى: تۇزنى ئىسسىق قىلىپ تارتقان ئەزاغا ياقماق كېرەك. ئەگەر بۇنىڭ بىلەن توختىمىسا بەدەندە نىجاسەت باردۇر. ئۇنى پاك قىلغاي.

### بۇ پەسىلدە سەپرا، سەۋدا ۋە بەلغەم خىلىتلىرىغا ئىلاج قىلماقنىڭ بايانى

بەدەندە قان خىلتى ئۈستۈن بولسا سەھەر قوپقاندا

ئاغزى چۇچۇمەل بولۇپ، قان تېتىپ تۇرار، تىلى قىزىل قان رەڭ بولۇر، چىرايى تاڭزىپ قىزىل بولۇر، ئۇخلىغاندا دەمدەم ئۇخلار، ئىغىر ئۇخلىيالماس، تومۇرى يوغان بولۇر، ئىتتىك سالۇر، بۇنىڭ ئۈچۈن قان ئېلىپ شەربەت ئىچمەك كېرەك. ئىسكەنجىبىن قاننىڭ شەربەتلىرىدىندۇر.

ئەگەر بەدەندە سەپرا ماددىسى ئۈستۈن بولسا يۈزى ۋە كۆزىنىڭ ئېقى سېرىق بولۇر. ئەتىسى ئورۇندىن قوپقاندا ئاغزى ئاچچىق بولۇر، كۆڭلى ئاينىپ سۈيدۈكى سېرىق بولۇر. تومۇرى ئىنچىكە بولۇر، ئىلدام سالۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن چاھار شەربەت ئىچمەك كېرەك.

بەدەندە بەلغەم خىلتى ئۈستۈن بولسا بېشى ئاغرۇر، يۈز ـ كۆزى ئاق بولۇر، ئاغزىدىن شال قۇيۇلۇر، ئۇيقۇچان بولۇر. تومۇرى يوغان بولۇپ، ئاستا سالۇر. پۈتۈن ئەزايى ئىغىر ھەم ئاق سۇزۇك بولۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن بەلغەمنى كېسىدىغان مەجۇنلەرنى يېمەك كېرەك.

بەدەندە سەۋدا ماددىسى ئارتۇق بولسا رەڭگىرويى كۆكۈش بولۇر، كېچىسى ئۇيقۇسى كەلمەس. بۇرنى قۇرۇق بولۇر، خىيال كۆپ، ئاچچىقى يامان بولۇر. تومۇرى ئىنچىكە بولۇپ، ئاستىن تەرەپكە تارتىپ بىر بىر سالۇر. بۇ سەۋدانى پاك قىلماق ئۈچۈن ھەببى ئەپتىمۇن، ئۇستىخۇددۇس، مەجۇنى نۇجاھ يا نۇشۇدۇر يېيىش كېرەك. ئەتىگەن ۋە كەچتە ئۈزۈمنى چىلاپ سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ ئىچمەك كېرەك. مەجۇنى بىنەپشە سەپرا ۋە بەلغەمنى بەدەندىن پاك قىلۇر. قۇلۇنجنى ساقايتۇر. تەركىبى: تۇربۇد مەجۇب ئىككى سەر، مەھمۇدە ئۈچ مىسقال، بىنەپشە بەش مىسقال، قىزىلگۈل بەش مىسقال، بېدىيان، كەتىرالارنىڭ ھەر بىرى ئۈچ مىسقالدىن، زەپەر بىر مىسقال، ئىككى سەر شېكەر، تۆت سەر ھەسەلدە يۇغۇرۇپ بىر قېتىمدا ئۈچ مىسقالدىن يېگەي.

## قۇلاقتىن يىرىڭ ئاققاننىڭ ئىلاجى

قۇلاقتىن يىرىڭ ئاققانغا كەندىر، شۇلتا، جويۇز، زەپەر، ئىگىر، ئانار پوستى، سېرىق زەپەر ئۇرۇقى، بۇلارنى يۇمشاق يانچىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ئارىلاشتۇرۇپ، سىركە ياكى ھەسەل بىلەن ئېزىپ قۇلاققا تېمىتقاي. ئالدى بىلەن قۇلاقنىڭ ئىچىنى تازىلاپ ئاندىن تېمىتقاي. ئەگەر قۇلاقتا كىر، خىلىت توختىغان بولسا كەندىر، سەبرە، سىيادانلارنى يۇمشاق يانچىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ بۇرۇنغا تارتىپ چۈشكۈرسە قۇلاقتىكى كىرلارنى يوق قىلۇر.

## چىش ئاغرىقىنىڭ ئىلاجى

چىش ئاغرىقى ئىسسىقتىن بولسا مۇزدەك سۇ ئىچسە راھەت تاپۇر. باشقا ئىلاجى سىركە بىلەن كۆكنارنى بىر قىلىپ قاينىتىپ ئاغزىغا ئېلىپ غەر ـ غەر قىلسا، يەنە غىزاسىغا قاپاق ئېشى ئۇ بولمىسا ماشنى پىشۇرۇپ يېمەك كېرەك.

چىش ئاغرىقى سوغۇقتىن بولسا ئىسسىق نەرسىلەر بىلەن شىپا تاپۇر. زەنجىۋىل، مۇچدارۇ، ئاقىرقەرھا، قىچىلارنى يانچىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، شۇنىڭغا تەڭ مىقداردا تۇز قوشۇپ چىشنىڭ ئاستىغا باسماق كېرەك.

ئەگەر كىشىنىڭ ئۈنى ئىسسىقتىن پۈتكەن بولسا ئۇسساپ ئاغزى قۇرۇپ، تىلى قاتتىق بولۇر. بۇنىڭغا ناۋاتنى ئۇششاق ئۇۋاپ ئەتىگەن كەچتە يېسە ساقىيۇر.

زاتۇل سەدەر يەنى كۆكرەك ئاغرىقىنى ئېيتۇر. بۇنىڭغا نىلۇپەر شەربىتىنى بەرمەك كېرەك. كۆكرەك ساھەسىدە بولىدىغان بارلىق زاتىل ئاغرىقلارغا ھۆكۈمالار چاھار شەربەتنى بەكمۇ مۇناسىپ دەپتۇ. تولا ھۆكۈمالار يەنە كۆكرەك ئاغرىقلىرىغا بۇ شەربەتنى لايىق كۆرۈپتۇ. بىنەپشە، نىلۇپەر، شوخۇلا ۋە گۈلخەيرىلەرنىڭ ھەر بىرى ئىككى مىسقالدىن، چىلان، چۈغان ئوتتۇز دانىدىن، ئەيىۇلا بەش دانە، زاراڭزا يەتتە مىسقال، ئاغاساچماق بىر سەر، ئىنەك سېرىق سۈتى يېرىم پىيالە، بەش مىسقال ئىنەك سېرىق يېغى قوشۇپ ئۇبدان قىيامىغا كەلتۈرۈپ سۈزۈپ، ئىككى قېتىم ھەمەل قىلماق كېرەك.

خاپىغاندىن يۈرەك سالغان ئاغرىققا كۆڭۈل سەسكىنىدىغان نەرسىلەردىن يىراق بولغاي. ئاغرىقنىڭ يۈرىكى كۆيۈشۈپ ئاغرىسا بىر سىقىم قىزىلگۈل، بىر سىقىم يۇمغاقسۈت، بىر سىقىم بېدىيانلارنى ئارپا ئۇنى بىلەن قوشۇپ يۇمشاق يانچىپ خېمىر قىلىپ يۈرەكنىڭ ئۈستىگە سەندەلنى سۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دورىلارنى ياقماق كېرەك. قاندىن يۈرەك سالغانغا ھۆكۈمالار بوزباغىنى ئېيتىپتۇ. يۈرەكنىڭ قاندىن سىلىشى تېز بولسا شېرىن نەرسىنى تەلەپ قىل، قۇچاقىڭغا شاخى مارجانىڭدىن قويغىل، كى ئۇنىڭ لەئلى قۇۋۋىتىنى كۆر.

ئەگەر يۈرەك سىلىش قاندىن بولسا تومۇرى يوغان بولۇر، ئىتتىك سالۇر. كۆزى، يۈزى قىزىل بولۇر، ئىلاجى بىر ساھىبجامال خاتۇننى نىكاھىغا كىرگۈزۈپ ئالغاي. ئەگەر مەزلۇم كىشى بولسا يېشى ئون تۆت ياش، چىرايلىق كىشى ناھايىتى شوخ بولۇر، شۇنداق مەھبۇبنىڭ نىكاھىغا كىرىپ كەم دىل ھاسىل قىلغاي، ئىللەت ساقىيۇر، دەپتۇ.

ئەگەر كىشى ئىسھال بولسا سەپرادىن ياكى ئۆزگە خىلتتىن بولسۇن ئۇنىڭ ئىلاجى ئىسھال بولغان كىشى

ئۆزىنى سوغۇق شامالدىن، سوغۇق كۈنلەردە غۇسلى قىلماقتىن پەرھىز قىلغاي. گۈرۈچنى قايىنتىپ ئۇنىڭغا تەرتىز قوشۇپ يېمەك كېرەك، چاپسان ساقىيۇر.

**قورساقتىكى بالىنىڭ قىز ـ ئوغۇللۇقىنى بىلمەك**

قورساقتىكى بالىنىڭ قىز ـ ئوغۇللۇقىنى بىلمەك ئۈچۈن تولا ھۆكۈمالار ئېيتىپتۇ: ئولڭ ئەمچەكنىڭ چوڭ بولغىنى ئوغۇل بالىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئايال كىشى ئېغىر ئاياغ مەزگىلدە دورا قىلماق، قان ئالماق، سۈرگە ئىچمەكتىن پەرھىز قىلغاي.

ئەگەر كىشىنىڭ قولى، پۇتى، ئۈچىسى، بېلى ۋە باشقا ئەزالىرى ئىششىتەك تۈرلۈك ئىللەت پەيدا بولۇپ، سەۋەبى قاندىن بولسا قان ئالغاي. ئۆزگە ئىللەتلەردىن بولسا مۇناسىپ سۈرگە بەرگەي. ئەگەر قاندىن بولسا ئىششىقنىڭ رەڭگى قىزىلغا مايىل، بەدىنى قىزىق، دەردى قاتتىق بولۇر. بۇنىڭغا نارەنجى شارابى ئىچمەك كېرەك. غىزاسىغا ئاقلىغان ماشقا قاپاق سېلىپ بەرمەك كېرەك. نارەنجى شارابىنىڭ تەركىبى: يانتاق شېكىرى، كۆك دىغدا، نىلۇپەر، بىنەپشە، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، شۇلتا، بادام يېغى، ھەر بىرى ئىككى يېرىم مىسقالدىن، سانا، زاراڭزا، ئىنەك قېتىقىنىڭ سېرىق سۈيى، قىزىل گۈل كۆكلىرىنىڭ ھەر بىرى بەش مىسقالدىن، يىگىرمە دانە چىلان، بىر سەر بېدىيان، ئىككى مىسقال فىلوس، بەش مىسقال ئەپتىمۇن، بىر پىيالە سىركە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر قىلىپ، ئالتە ئاشقۇرا سۇدا قايىنتىپ ئىككى ئاشقۇرا قالغاندا سۈزۈپ ئېلىپ، بىر قوشۇق شەربەتكە قايناقسۇ چېقىپ ئىچمەك كېرەك.

دائىم سوغۇق سەپرا پەيدا بولغانغا مۇچدارۇ، پىتپىتى، بېدىيان، ئىگىر، چوگو، ئوردان ئۇرۇقلىرىنىڭ ھەر بىرىدىن بەش مىسقالدىن، سۈيزە، گۈلخەيرى، رەۋەن، سىيادان، كۈچۈلا بەش مىسقال، بىر سەر جويۇز ھەممىسىنى يانچىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، بىر جىلىڭ ھەسەلدە يۇغۇرۇپ بىر مىسقالدىن يېگەي.

**سۈرگىنىڭ بايانى**

بادو، پىرلاڭ، ئىنەك پىتى ئۇرۇقى، ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى، سانا، كۆك ئارپا ئۈنى، شاپتۇل چېچىكى، ئوردان، ھەلىلە، ئۆرۈك قېقى، شور، ئەپتىمۇن، بۇلارنى ھەسەلدە يۇغۇرۇپ بىر مىسقالدىن يېگەي. بۇ دورىلارنىڭ ئانىسى ئىنەك سۈتىنىڭ سېرىق سۈيىدۇر. بۇ دورىلارنىڭ ھەر بىرىنى ئۈچ مىسقالدىن قىلىپ، ئوبدان قىيامىغا كەلتۈرۈپ يېگەي. ئەگەر سۈرگە ئاھانەت قىلسا ئىككى سەر ئاق شېكەرنى سۇ بىلەن قايىنتىپ مۇزدەك قىلىپ ئىچسە سۈرگىنىڭ زەھرىنى كېسەر. ئىنەك سۈتىنى ئىچسىمۇ ئوخشاش كېسەر. ئەگەر مۇنداق قىلمىغاندا زىيان قىلۇر. ئاغرىقنى زىيادە قىلۇر ياكى دىۋانە قىلىپ قويۇر. ئەگەر كىشى سۈرگىنى ئىچەر بولسا مىزاجىغا بېقىپ سوغ مىزاجلىق كىشى بولسا ئىسسىققا مايىل سۈرگە ياساپ يېمەك كېرەك. ھەر كېسەلگە ئۆز دورىسىنى بىلىپ ياساپ يېسە بولۇر. ئەگەر دورا ئاغرىقنىڭ ئۆز لايىقىدا بولمىسا ياكى تولا يەپ ھەددىدىن زىيادە بولۇپ كەتسە ئادەمنى كۈچسىز، ماغدۇرسىز قىلىپ خاراپ قىلۇر، ئاقىۋەتتە ئاغرىق كىشى تېۋىپلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلۇر. بۇ ئاغرىقنىڭ ئۆز ئەقلىنى جايىدا ئىشلەتمىگەنلىكىدىندۇر.

**شامال كېسەل**

كىشىنىڭ پۇت ـ قولى تېلىپ ئاغرىغانغا جۈجەم قۇرۇقىنى يۇمشاق يانچىپ، كۆك ئارپا ئۇنىنى ئوبدان قېلىن ئەلگەكتە تۆت ـ بەش قېتىم ئەلگەپ، ئۈچ سەر ئارپا ئۇنىغا بەش سەر جۈجەم قۇرۇقىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئەتىگەن ۋە كەچتە چوڭ بىر سىقىمدىن يەپ، ئۈستىگە چاچكا قايىنتىپ، سۈيىنى كۆپ ئىچىپ بەرسە ۋە بۇنى ھەپتە كۈن داۋاملاشتۇرسا شىپا تاپۇر.

**مەجۇنى زەنجىبىل**

بۇ مەجۇن بەدەندىكى بەلغەم، سەۋدا، قان، سەپرالاردىن بولۇپمۇ ئارتۇق سەۋدا ماددىسىنى تازىلايدۇ، قۇلۇنجى، پالەج ۋە تۈرلۈك سۇرۇخ بادلارغا، سوغ، ئىسسىقتىن بولغان تۈرلۈك يارىلارغا، ئەناسىر ئەربەئە (تۆت خىلىت)نىڭ قايسىسى ئۈستۈن بولسا ھەقتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن ھەمدە بۇ دورىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن ئۇل ئىللەتلەرگە شىپالىق نېسىپ قىلۇر. بەل، بۆرەك، تال، ئۆپكە ۋە بېغىرلارغا ساقلىق ئاتا قىلۇر. دورىلىرى: ئاق چاچكا، قىزىل چاچكا،، ئۇزۇن پۇپەل، چىلغوزا، لاچىندانە، قەلەمپۇر، ئاقمۇچ، قاقىلە، ئاق چۆپچىن، قارابېدىيان، مەستىكى، يىلاننى تۇتۇپ بېشىدىن تۆت ئىلىك، قۇيرۇقىدىن تۆت ئىلىك كېسىپ تاشلاپ، ئاندىن شىشىگە سېلىپ، ئاپتاپتا قويۇپ، چىققان يېغىنى ھەسەل بىلەن قايىنتىپ كۆزنى يۇسا كۆزنى ئىنتايىن كۈچلۈك قىلۇر. ئەگەر تۇتۇپ ياغ چىقماستىن بۇرۇن يىلاننىڭ ئۆزىنى ھەسەل بىلەن قايىنتىپ كۆزنى يۇسىمۇ ئوخشاش مەنپەئەت قىلۇر. ئارپا بېدىياننى قايىنتىپ قىيام قىلىپ يازنىڭ ئاپتىپىدا ئۈچ ھەپتە قويۇپ ئاندىن كۆزنى يۇسا كۆزنى روشەنلەشتۈردۇ. سەبرىنى قايىنتىپ سۈيىدە كۆزنى يۇسا كۆزنى نۇرلاندۇرىدۇ. قەلەمپۇرنى قايىنتىپ سۈيىدە كۆزنى يۇسىمۇ

تۇتۇلغان كۆزنى ئاچىدۇ. گۈلى رەيھاننى يانچىپ ھۆل
قىلىپ كۆزگە بىردەم بىردەم ياقسا كۆزنىڭ ئىچىدىكى
بەزى بۇزۇق ئەخلەتلەرنى تارتىپ چىقىرىدۇ. كەپتەرنىڭ
بېشىنى كۆيدۇرگەن ئادەم چېچى بىلەن بىر قىلىپ كۆزنى
يۇسا كۆز نۇرى خىرەلىشىپ تۇتۇلغان كۆزنى ئاچىدۇ.
ئاقمۇچنى قاينىتىپ سۈيى بىلەن كۆزنى يۇسىمۇ كۆزنىڭ
قاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاشقاننى داۋالاي-
دۇ.....

# ھاپىز نىياز ۋە ئۇنىڭ ئاخىرلاشمىغان تىببىي ئەسىرى

**ئابلىز ئورخۇن**

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى مىڭ يىللىق تارىخىي جەرياندا
يارىتىلغان شۇنچىۋالا تىببىي ئەسەرلەر ئىچىدىن پەقەت
ھاپىز نىيازنىڭ بۇ ئاددىيغىنە تىببىي ئەسىرىنى «مىراس»
ژۇرنىلىغا تەييارلىشىمىزدىن ئوقۇرمەنلىرىمىز ۋە كەسىپ
ئەھلىلىرى ئەجەبلەنمەي قالمىسا كېرەك. ھازىرقى قاراشتا
خوتەننى مەركەز قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى ئۇيغۇر
تېبابىتىنىڭ ئوچىقى ھېسابلانسىمۇ، لېكىن بۇ رايونلار
ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى تۈرلۈك مەدەنىيەت ۋە تۈرلۈك
مىللەتلەرنىڭ ئۇچرىشىش نۇقتىسى بولغانلىقى ئۈچۈن
مەدەنىيەتتە كۆپ قېتىملىق، كۆپ قاتلاملىشىش ھادى-
سىسى ناھايىتى كۈچلۈك بولغانىدى. ئىسلامىيەتتىن كېيىن
ئەرەب، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئو-
مۇملىشىشى بىلەن ئەسلىدىنلا مۇرەككەپ ئارقا كۆرۈ-
نۈشكە ئىگە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تېخىمۇ كۆپ قاتلامل-
شىشقا باشلىدى. ئەرەب ئابباسىيلار خاندانلىقى دەۋرىدە
قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ كۆپلەپ ئۆزلەشتۈرۈلۈشى
بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى تارىختىكى مىسلىسىز گۈللىنىش
دەۋرىگە كىرگەنىدى. ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتتىن كېيىن مانا
مۇشۇ يۇنان، ئەرەب، پارس مەدەنىيىتى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ
بىر گەۋدىگە ئايلانغان ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن بىۋاستە
ئۇچراشتى. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىسلامنى ئومۇملاش-
تۇرۇش مەقسىتىدە شەرققە ۋە جەنۇبقا كېڭىيىشى بىلەن
ئەمدىگىنە تۈركلىشىش جەريانىنى تاماملاۋاتقان ئۇيغۇر
مەدەنىيىتى ئۆز خاسلىقىنى يارىتىشقا ئۈلگۈرمەيلا يەنە بىر
كۈچلۈك مەدەنىيەتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. شۇڭا مۇ-
رەككەپ مەدەنىيەت قاتلىمى ئىچىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى-
نىڭ خاسلىقىنى ئايرىپ چىقىش ناھايىتى قىيىن مەسىلىگە
ئايلىنىپ قالدى. بۇ ھال كېيىنكى مەزگىللەردە مەدەنى-
يەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.
ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئىلىم
بولۇپ شەكىللەنگەن تېبابەت مەدەنىيىتىمىز ئەنە شۇلار
جۈملىسىدىندۇر. تۇرپاندىن تېپىلغان تېبابەت يازمىلىرى-
دىن مەلۇم بولۇشىچە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئىسلامىيەتتىن
بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرىلا يۇنان ۋە ھىندى تېبابىتى بە-
لەن ئۇچراشقان. شەرق، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچرىشىش،
يۇغۇرۇلۇش تۈگۈنى بولغان قەدىمكى ئۇدۇن، قەشقەر،
كۇسەنلەرنىڭ غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىشى ئىدى-
قۇتتىن ئەلۋەتتە بىر قەدەم ئالدىدا تۇرىدۇ. جاھاننى زىل-
زىلىگە سالغان، مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق قېيىن
قوۋزىقىغا يېزىلغان قەدىمكى ھىندى تېبابىتىگە مەنسۇپ
«بوۋېر قەدىمكى كىتابى»نىڭ كۇسەندىن تېپىلىشىمۇ ئە-
جەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن 1364ـ
يىلىغا قەدەر 500 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇلۇغ ئىدىقۇت
ئۇيغۇر ئېلىدە تاكى 1350 ـ يىللارغىچە ئىسلام دىنى ھۆ-
كۈمران ئورۇنغا ئۆتەلمىگەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللىي
مەدەنىيەتكە مىللىي ھاكىمىيەتنىڭ قورۇقچىلىق قىلماسلىقى
مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قە-
دىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى بولغان تۇرپان
ئىسلاملاشقان بولسىمۇ، ئەلمىساقتىن ئىدىقۇتنى مەركەز
قىلغان ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئىلكىدە تۇرۇپ كەلگەن قومۇل
رايونىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشى ئىككى ئەسىردەك
كېچىكتى. شۇ سەۋەبلىك ئەرەب، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بۇ
رايونغا سىڭىشىمۇ سۇس بولدى. بۇ ھال بىزگە قەدىمكى
ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ نىسپىي ساپ ھالىتىنى كۆرۈش
ئىمكانىيىتىنى ياراتتى. بۇ ئەلۋەتتە ئىسلامىيەتتىن كېيىن
ئىدىقۇت ئېلىنىڭ ئەسلىدىكى زېمىنلىرىدا يارىتىلغان
مەدەنىيەتنى ئىسلامدىن ۋە باشقا مەدەنىيەتلەردىن پۈ-
تۈنلەي خالىي، ساپ مەدەنىيەت دېگەنلىك ئەمەس. شۇڭا
ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قاتلاملىرىنى قېزىش، ئېنىقلاش،
ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسىگە دىئاگنوز قويۇشتا يات
مەدەنىيەتلەرنىڭ سىڭىشىش دەرىجىسى سۇسراق، رايونلار

ئارا پەرق چوڭ بولغان ئەمەلىي پاكىتلارغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەلۋەتتە، يۇقىرىقى مەقسەتلەرگە يېتىش بۇ ئەسەرنى ئېلان قىلىشنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى ئەمەس. كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا پەۋقۇلئاددە ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمىنى خەلق ھاياتىغا قايتۇرۇپ كېلىپ ئۇنى تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش تېخىمۇ مۇھىم ۋەزىپە. بىراق، بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ھەرقانداق تېبابەت كىتابىنىڭ ئورۇندىيالىشى ناتايىن. پەقەتلا ئىنتايىن ئاز ساندىكى كەسىپ ئەھلىلىرى كۆرۈپ پايدىلىنالايدىغان تېببىي ئەسەرلەر بىزدە ئاز ئەمەس. بىراق، مۇتلەق ئۇيغۇرچە ئاتاش ئىمكانىيىتى بار نۇرغۇن تېبابەت دورىلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئەرەبچە، پارىسچە ئاتىلىشى ئۇيغۇر تېبابىتى دېگەن بۇ ئىلىمنىڭ ئۆزى ھەققىدىمۇ كىشىلەردە شەك پەيدا قىلماقتا. ھەتتاكى بۇ ئىلىمنىڭ خەلققە تىل ئارقىلىق يېقىن تۇرماسلىقى كىشىلەردە بۇ ئىلىمگە مۇھەببەتسىزلىك تۇيغۇسىنى پەيدا قىلماقتا. ئوقۇرمەنلىرىمىز شۇنى بىلىشى كېرەككى، تېبابەت كىتابلىرىدا چۈشىنىكسىز تىللاردا سىرلىقلاشتۇرۇلغان نۇرغۇن خاسىيەتلىك دورىلارنىڭ ئەسلىي ۋەتىنى شىنجاڭدۇر. شۇڭا بىز تىلى يەڭگىل، دورا نۇسخىلىرى ئاددىي، خەلق ئاسان نەپ ئالالايدىغان بۇ تېببىي ئەسەرنى تاللىۋالدۇق.

## ئاپتور ھەققىدە



20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قومۇلدا كۆچۈرۈلگەن كۆپىنچە قولىيازمىلارنىڭ كۆچۈرگۈچىلىرى «ھاپىز» ئىسىملىك ئىككى كىشىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 1936 - يىللىغىچە ياشىغان رىئالىستىك شائىر ھاپىز ھاجى، يەنە بىرى دەل بىز تونۇشتۇرماقچى بولغان ھاپىز نىيازدۇر.

ھاپىز نىياز 1898 - يىلى قومۇل شەھىرى راھەتباغ يېزا شامالچىباغ كەنتىدە توغۇلغان. ئۇ ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەندە دادىسى نىياز پالۋان شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ ئوردا چېلىشچىلىرىنى يېڭىپ ۋاڭنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرغانلىقى ئۈچۈن ئالۋانغا تۇتۇلۇپ، شىكەنجىدە يولدا ھارۋا بېسىۋېلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن. دادىسىدىن بەكلا كىچىك يېتىم قالغان ھاپىز نىيازنى بۇۋى سارە ئاپپاق ئىسىملىك بىر ئوقۇمۇشلۇق ئايال تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقان. ئۇ يەتتە يېشىدىن 14 يېشىغىچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. بۇ جەرياندا «قۇرئان»، «پەندىنامە»، «مۇزە»، «تۆھپەئى نىسايە» قاتارلىق ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي تىللاردىكى نۇرغۇن دىنىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش بىلەن بىرگە ئۆزىدە بەلگىلىك يېزىقچىلىق ماھارىتىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ دىنىي ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، شۇ دەۋردىكى مەشھۇر سەنئەتكارلاردىن ئابدۇرېھىم خەزىنىچى دېگەن كىشىگە شاگىرتلىققا كىرگەن. ئابدۇرېھىم خەزىنىچى شۇ دەۋردە ۋاڭ ئوردىسىدا ئوردا قۇرۇلۇشلىرىنى لايىھىلەش، بېزەش، رېمونت قىلىش قاتارلىق تېخنىكىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەيتتى. ھاپىز نىياز ئەنە شۇ كىشىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ رەسىم سىزىش، خەتتاتلىق، سىرچىلىق، تىككۈچىلىك قاتارلىق نازۇك قول ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىلىرىنى ئۆگەنگەن. بولۇپمۇ سىرچىلىقتا ئۆز تالانتىنى نامايان قىلغانلىقى ئۈچۈن خەلق ئارىسىدا «سىرچى ھاپىز ئاخۇن» دەپ نام چىقارغان. ئابدۇرېھىم خەزىنىچى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئىشتىن قالغاندىن كېيىن ھاپىز نىياز ئۇستازىنىڭ ئورنىدا ئوردا قۇرۇلۇشلىرىغا ئىشلىگەن. ھاپىز نىياز ئوردىدا ئىشلەپ يۈرگەن مەزگىللەردە ۋاڭلىقنىڭ پۈتكۈل ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى، ئوردا تۇرمۇشى، ئوردىنىڭ ئىچكى- تاشقى قۇرۇلۇشلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ چىققان. بولۇپمۇ قومۇل ۋاڭ ئوردىسىدىكى قىممەتلىك قولىيازمىلار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىش بۇ كىشىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ بەختلىك مىنۇتلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان بولسا كېرەك. مەلۇمكى، ئەينى دەۋردە قومۇل ۋاڭ ئوردا كۇتۇپخانىسىدا ئەرەب، پارس، تۈركىي، خەنزۇ، مانجۇ تىللىرىدا نۇرغۇنلىغان كىتاب ساقلانغانلىقى مەلۇم. ئۇ دەل مانا مۇشۇ يەردە قومۇل ۋاڭلىقىنىڭ تارىخى، ئىسلام تارىخى، خۇيزۇ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار بىلەن ئۇچراشقان. ھاپىز نىيازنىڭ قومۇل ۋاڭ ئوردىسىدىكى ئون نەچچە يىللىق جاپالىق ۋە كۆڭۈللۈك ھاياتى ئۇنىڭ

كېيىنكى مەزگىللەردىكى قىممەتلىك ئىجادىي ئەمگەكلىرىدىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس مەنبەسى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاپىز نىيازنىڭ ئورىدا خىزمىتىدىكى قىران ياشلىق دەۋرى تۆمۈر خەلىپە، خوجا نىياز ھاجىلارنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرى، 300 يىللىق ۋاڭلىق تۈزۈمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇرەككەپ دەۋرلىرىگە توغرا كەلگەن. قىسقىغىنە 10 ــ 20 يىل ئىچىدىكى بۇ ئەگرى - توقايلىقلار ياش سەنئەتكارنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلماس ئەسلىمە بولۇپ قالغان. بۇ روشەن خاتىرىلەر ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە بىر نەچچە تارىخىي ئەسەر يېزىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان.

1930 - يىللىرى قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ھاپىز نىياز قومۇل تاغلىرىدا ئىككى يىلدىن ئارتۇق قېچىپ يۈرۈپ ، موڭغۇلىيىنىڭ مىڭغان دېگەن يېرىگىچە بارغان. 1933 - يىلى يولۋاس ھاپىز نىياز باشچىلىقىدىكى بارلىق تىككۈچى، موزدۇزلارنى ئۆز ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ئىككى ئاي ھەقسىز كىيىم - كېچەك تىكىشكە سالغان. 1934 - يىلى ھاپىز نىياز سوپاخۇن دېگەن كىشىنىڭ ياردىمىدە يولۋاسنىڭ ئالۋىنىدىن قۇتۇلۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ خۇسۇسىي تىجارەت بۆلۈمىدە كاتىپلىق قىلغان. 1937 - يىلى خوجىنىياز ھاجى قاماققا ئېلىنغاندىن كېيىن 1938 - يىلغىچە يەنە ئۈرۈمچى مويكىدا كاتىپلىق قىلغان. 1939 - يىلى قومۇلغا قايتىپ كېلىپ، بىر مەزگىل مويكىدا ئىشلىگەندىن كېيىن تاكى 1947 - يىلغىچە ئۆز ئىشى بىلەن بەند بولىدۇ. 1947 - يىلى ھاپىز نىياز يولۋاسنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھوشۇر ئۇلۇغ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىللە «ئاتتىلاخان» ناملىق ژۇرنالنى چىقىرىشقا قاتناشقان. بۇ ژۇرنال ئىككى سان چىقىپ توختىغان.

1949 - يىلدىن كېيىن ئۇ ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلار بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئۇ مەرھۇم ھامۇتخان ۋالىينىڭ تەشەببۇسى بىلەن بىر مەزگىل بوغالتىرلىق كۇرسىدا ئوقۇغان. 1956 - يىلغىچە يەنە قومۇل دارىلمۇئەللىمىندە خوجىلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1958 - يىلدىن كېيىن باشلانغان تىنچسىز، مۇشەققەتلىك تۇرمۇش سەنئەتكارنىڭ ھاياتىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى مۇرەككەپ سىياسىي ھاياتىدىن كۆپ قېتىم ھېساب بېرىشكە مەجبۇر بولغان. 1958 - يىلى باشلانغان يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى 10 نەچچە يىللىق مالىمانچىلىق ئۇنى پۈتمەس - تۈگىمەس ئازاب - ئوقۇبەت ۋە كۈلپەتلەرگە گىرىپتار قىلىدۇ. زامانىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى يەتكىچە تارتقان، چاچ - ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان، يېشى 80 گە ئۇلاشقان، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدىن ئامان - ئېسەن ئۆتكەن ھاپىز نىياز 1978 - يىلى تېخىمۇ چوڭ بىر يوقىتىشقا ئۇچرايدۇ. مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ لېكىن ئۆز ھەرىكىتىنى توختاتمىغان بىر توپ قىزىل قوغدىغۇچى ھاپىز نىيازنىڭ قازناق ئۆيىدە بىر ئۆمۈر يىغىپ ساقلىغان كىتابلىرىنى تىمىسقىلاپ بىلىپ قالىدۇ ۋە ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ دۆۋىلەپ ئوت قويماقچى بولىدۇ. يېشى 80 گە ئۇلاشقان ھاپىز نىياز ئۇلارنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلىپ يالۋۇرۇپ يۈرۈپمۇ ئۇلارنىڭ قاتتىق قەلبىنى ئېرىتەلمەيدۇ. قىممەتلىك قولىيازمىلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا كۆزى يەتمىگەن ھاپىز نىياز بۇ «ئۇلۇغ»كىتابلارنىڭ كۆلىنىڭمۇ سىرتقا توزۇپ خار بولماسلىقى ئۈچۈن تونۇرغا سېلىپ كۆيدۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەرھۇمنىڭ بۇ ئىشلارغا شاھىت بولغان قىزى ئىككى - ئۈچ سائەتلەپ كۆيدۈرۈلگەن كىتابلارنىڭ كۆپلۈكىدىن تونۇرنىڭ نان ياقسا پىشقىدەك قىزارغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. مانا بۇ ئالىمنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق پاجىئە بولسا كېرەك.

بىراق، ھاپىز نىياز رېئاللىققا تەن بەرمەي قايتىدىن قولىغا قەلەم ئېلىپ ئاشۇ يۈتكەن تارىخ، يۈتكەن مەدەنىيەتنى كۆچىنىڭ بارىچە قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن قولىغا قايتا قەلەم ئېلىپ ئۆزى شەيخلىق قىلىۋاتقان قەيس خوجا مازىرىدىكى غۇربەت كۆلبىسىدە جىن چىراغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر توپلىغان بىلىمى ۋە ئاچچىق تەجرىبە - ساۋاقلىرى ئاساسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى ۋە ئۆز خەلقىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تۆت - بەش ئەسىرلىك تارىخ، مەدەنىيىتى، ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى، خۇيزۇ تارىخى، ئۈچ ساھابە تارىخى قاتارلىق تېمىلاردا بىر مۇنچە ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىدۇ.

ئاپتور يازغان ۋە كۆچۈرگەن قولىيازمىلارنىڭ كۆپلۈكى ۋە مەزمۇنىنىڭ خىلمۇ خىللىقى كىشىنى تاڭ قالدۇرىدۇ،

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى قومۇلنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تارىخى يېزىلغان «قومۇل گۈلىستانلىقى» ناملىق كىتاب 1605 ـ يىلى مۇھەممەد شاھ غازىبەگ قومۇلدا يەرلىك ھاكىمىيەت بەرپا قىلغاندىن تارتىپ تاكى 1937ـ يىلى خوجىنياز ھاجى قاماقتا ئۆلتۈرۈلگىچە بولغان 300 نەچچە يىللىق ئۇزاق جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاپتورنىڭ ئىككى مۇھىم ئەسىرى قومۇلنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا بېغىشلانغان «قومۇل بوستانلىقى» ناملىق قىممەتلىك قوليازمىسىدۇر. كىتابتا قومۇللۇقلارنىڭ ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىنكى ئەھۋالى بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان، قومۇل تەۋەسىدىكى مەشھۇر ئاسارئەتىقىلەر، ھېيتگاھ جامەسى، ئالتۇنلۇق، قەيس خوجا مازىرى، ئاراتام باغچا، يازلىق ئوردا قاتارلىق چوڭ قۇرۇلۇشلارنىڭ ياسىلىش ئەھۋاللىرى، ئۇلارنىڭ ئاپتور تەرىپىدىن سىزىلغان رەسىملىرى بېرىلگەن. ۋاڭلىق دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر سەنئەتكار، خەتتاتلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى كىرگۈزۈلگەن. كىتابنىڭ ھەممىدىن قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئاپتور 1932 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن قومۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ھەممە كونا ئۇيغۇر شەھىرىنىڭ پۈتكۈل كۆرۈنۈشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان نەچچە ئون پارچە رەسىمنى سىزىپ قالدۇرۇپ كىشىلەرنى ئىزسىز يوقالغان ۋاڭ ئوردىسىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. شاھ مەخسۇت ۋاڭ ۋە بەگ سىپاھلارنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىش ئۈچۈن ئاپتور، دىنىي چەكلىمىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، شەرىئەتتە سىزىش مەنئى قىلىنغان ئادەم ۋە جان ـ جانىۋارلارنىڭ (شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ بەگ ـ سىپاھلارنىڭ ھەمراھلىقىدا سىرتقا چىققاندىكى كۆرۈنۈشى ۋە ئات ـ ئۇلاغ، قۇشلار)رەسىملىرىنىمۇ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن سىزىپ قالدۇرغان. بۇ ئەسەر ئىككى دەپتەر(جەمئىي 100 بەت)دىن تۈزۈلگەن بولۇپ، 32 پارچە رەسىم قىستۇرۇلغان.

دېمەك، پارس شائىرى شەيخ سەئىدىنىڭ «بوستان»، «گۈلىستان»نى ياخشى بىلگەن ئالىم تارىخ، مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ ئۇيغۇر تىلىدا «بوستان»،«گۈلىستان»لاردەك ئەسەر يارىتىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ۋە ئۇنى ئەمەلدە كۆرسەتكەن. بۇلاردىن باشقا ھاپىز نىيازنىڭ دىنىي تېمىلاردا يازغان ئەسەرلىرىمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇلار ئارىسىدا «ئۈچ ساھابە تارىخى» ناملىق ئەسەر ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر.

ھاپىز نىياز مىرزا ھەيدەر، شاھ مەخمۇت جوراس، مۇھەممەت سادىق قەشقەرى، موللا مۇسا سايرامىلار ياراتقان تارىخشۇناسلىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماي، يەنە 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىگە ئۆلمەس تۆھپە قوشقان سەنئەتكاردۇر. ئۇ قومۇل ۋاڭ ئوردىسىدا ۋە ئەل ئارىسىدا ساقلانغان ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي تىللاردىكى نۇرغۇن دىنىي، ئەدەبىي، تارىخىي ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدىكى تۈرلۈك ھۆسن خەت شەكىللىرىدە كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، ئوردا كۇتۇپخانىسى كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىنكى مەدەنىيەت قەھەتچىلىكى ۋە بىر قانچە قېتىملىق «قاچ ـ قاچ»، يېغىلىق، قىرغىنچىلىقلار تۈپەيلى يوقالغان بوشلۇقنى ئازراق بولسىمۇ تولدۇرغان. ھازىر ئالىمنىڭ ئۆيىدە ۋە كىشىلەرنىڭ قولىدا ساقلانغان قوليازمىلار شۇنچىلىك كۆركەم ۋە ئۇستىلىق بىلەن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنىڭ سېھرىي كۈچى نامايان قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى سەرەڭگە قېپىدىن سەل چوڭلۇقتىكى «قۇرئان»نىڭ كۆچۈرۈلمىسى كىشىلەردە ھاپىز نىيازنى خۇددى ھازىرقى زامان ئەرەب مەتبۇئاتى بىلەن بەيگىگە چۈشكەندەك تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ.

قومۇلدىكى 300 يىللىق تارىخقا ئىگە كۆلىمى ئەڭ زور قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى بولغان ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىچكى تام ـ تورۇسلىرى، گۈللۈك تۈۋرۈكلەرگە ئايلاندۇرۇپ يېزىلغان «قۇرئان» ئايەتلىرى، قەيس خوجا گۈمبىزىنىڭ ئىچكى تۆر تېمىغا خۇددى سۈرەتتەك يېزىلغان «ياسىن» سۈرىسىمۇ مانا مۇشۇ سەنئەتكار قەلىمىگە مەنسۇپتۇر.

ھاپىز نىياز ئوبرازلىق خۇشخەت بويىچىمۇ نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان بولسىمۇ ھازىر پەقەت ئۇلاردىن ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا ۋە قېپىق شەكلىدە يېزىلغان بىر نەچچىلا ئەسىرى ساقلىنىپ قالغان.

سەنئەتكار ھاپىز نىياز قەلىمىگە مەنسۇپ قوليازمىلار ئارىسىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە تەزكىرىچىلىككە دائىر ئىككى نادىر قوليازما ساقلانماقتا. قوليازمىلارنىڭ

بىرى ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىك ۋە نەسەبنامىچىلىق تارىخىدا ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان شەكىللىك نەسەبنامىلەر توپلىمىدىن ئىبارەت. توپلامغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن تاكى يېقىنقى زامانغىچە بولغان دىنىي ئۆلىما، خوجا، ئەشانىلارنىڭ كۆن، ئاي، دەل - دەرەخ، دەريا - ئېقىن، ھەر خىل گۈل - گىياھ شەكلىدە تۈزۈلگەن نەسەبنامىلىرى جەملەنگەن. ھاپىز نىياز بۇنىڭدىن باشقا يەنە 10 نەچچە ئەۋلاد قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ نەسەبنامىسىنى تۈزۈپ قالدۇرغان.



يەنە بىرى ھۆۋەيدا، ئەخمەت يەسەۋى، مەشرەب، مىرزا ئابىد، شەمسى تەبرىزى، مەھزۇب، زەڭگى بابا، ئەخمەتشاھ قاراقاشى، ھاپىز ھاجى، يۇسۇپ مەھرەمى قاتارلىق 10 نەچچە كلاسسىك شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن «باياز»دىن ئىبارەت. قولىيازما 96 فورماتلىق كىچىك خاتىرە دەپتەر شەكلىدە بولۇپ خەتلەر ناھايىتى كىچىك، كۆركەم يېزىلغان. خەتلەرنى پەقەت چوڭايتىش ئەينىكىنىڭ ياردىمىدە ئوقۇپ چىقىش مۇمكىن. ھاپىز نىيازنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ مۇشۇنداق «باياز»يەنە قومۇلدا بىر قانچە كىشىنىڭ قولىدا ھېلىھەم ساقلانماقتا. مانا مۇشۇ قولىيازمىنىڭ ئاخىرىغا ئاپتور ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك داۋالاش ئەمەلىيىتى جەريانىدا توپلانغان تەجرىبىلىرى ئاساسىدا بىز «مىراس»ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان تېببىي ئەسەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

ئەپسۇسلىنارلىق يېرى قومۇلدىكى ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ مەنبەسى، خاراكتېرى ۋە سەۋىيىسىنى ئۆلچەيدىغان بۇ ئەسەر ئاياغلاشماي قالغان. توپلامنىڭ كەينىگە سىياھسىز قۇرلار چېكىلگەن پېتى نۇرغۇن ئاق بەتلەر خاتىمىسىز ئۈزۈلۈپ قالغان. بىز بۇ تېببىي ئەسەرنى مۇكەممەل تېببىي ئەسەر دەپ قاراشقا ئاجىزمىز، چۈنكى ئەسەرنىڭ



باشتىكى ئىككى بابتىكى مەزمۇندىن كېيىنكى بابلارنىڭ مۇنتىزىم تەرتىپى ھەم مەزمۇن ئىزچىللىقى يوق. كېسەللەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى ھەققىدە مەلۇمات ئاساسەن يوق دېيەرلىك. دورىلارنىڭ تەبىئىتى ھەققىدىمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تېبابىتىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان تەبىرلەر بار. خىلتلار مەسىلىسىدىكى تونۇشتىمۇ قىسمەن پەرقلەر مەۋجۇت. بۇ ئىدىقۇت خانلىقىنى مەركەز قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ھازىرقى ئېپادىسىمۇ ياكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تېبابىتىنىڭ تەسىرىمۇ، بۇ تېخى كېيىنكى تەتقىقاتلارغا باغلىق چوڭ مەسىلە.

قانداقلا بولمىسۇن بىز تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردە ئۇچرايدىغان دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ(مەسىلەن: پىتپىتى، چاچكا، قارنى يېرىق.. قاتارلىق) مەزكۇر ئەسەردە ئىزچىل قوللىنىلىشىغا قاراپ، بۇ ئەسەرنى قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ بىۋاستە راۋاجى دەپ تونۇيمىز.

قىسقىسى، ھاپىز نىياز ئۆزىنىڭ كۆپ قىرلىق تالانتى ئارقىلىق ئومۇمىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان بۈيۈك شەخستۇر.

پۈتكۈل ھاياتى ئىزدىنىش، تەتقىقات بىلەن ئۆتكەن مەشھۇر تارىخچى، سەنئەتكار ۋە تېۋىپ ھاپىز نىياز ئېغىر يېزىقچىلىق خىزمىتىدە كۆز نۇرىدىن ئايرىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا 1981 - يىلى 83يېشىدا ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق شەرەپىدىن مەڭگۈگە ئايرىلدى.

ئاپتور: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە

(تۈگىدى)

# بوسنىيە گېرتسېگوۋىنا جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ئىززەت بېگوۋىچ

MIRAS

1925 ـ يىلى سابىق يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقى بوسنىيە
گېرتسېگوۋىنا جۇمھۇرىيىتى «بوسناكروبا» شەھرىدە
سىرىپ مىللىتىدىن بولغان تەقۋادار، ئابرۇيلۇق بىر مۇ-
سۇلمان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ ۋە ئوتت-
تۇرا مەكتەپلەرنى «سارايېۋۇ» شەھرىدە پۈتكۈزگەندىن
كېيىن، «سارايېۋۇ» ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن، ئەدەبىيات
ۋە مائارىپ پەنلىرىنى ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇپ تاماملى-
غان، كېيىن ئۇ 25 يىل ئەتراپىدا قانۇن مەسلىھەتچىلىك
خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، شۇ جەرياندا ئۆزىنى يې-
زىقچىلىق ۋە تەتقىقات ئىشلىرىغا بېغىشلىغان. 1949 ـ
يىلى دۆلەت تەرىپىدىن چەكلەنگەن «مۇسۇلمان ياشلى-
رى» ئۇيۇشمىسى بىلەن ئالاقىسى بار، دېگەن تۆھمەت
بىلەن بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇ
يەنە كۆپلىگەن مۇھىم ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇرغان، بە-
زى ۋەكىل خاراكتېرىدىكى ئەسەرلىرىنى 70 ـ يىللاردا
ياۋروپادىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغان.
شۇ مەزگىلدە ئۇ، ئۆز قوۋمىدىن بولغان، كۆزگە كۆرۈن-
گەن 11 مۇسۇلمان زىيالىيلىرى بىلەن بىللە سىياسىي
تۆھمەتكە ئۇچراش سەۋەبىدىن يەنە قولغا ئېلىنىپ، ئۇ-
لارغا بەش يىلدىن 14 يىلغىچە بولغان پەرقلىق مۇددەت
بىلەن قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان. 1980 ـ يىللارنىڭ
باشلىرىدا خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى، يۇگوس-
لاۋىيە ئىتتىپاقى ئالىي سوت مەھكىمىسىگە، ئۇلارنىڭ
جىنايى پاكىتلىرىنىڭ ئويدۇرۇپ چىقىرىلغانلىقىنى ئىس-
پاتلاپ بېرەلەيدىغان ئىشەنچلىك دەلىل ـ ئىسپاتلارنى
كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇزلۇكسىز بېسىم ئىشلىتىش نەتى-
جىسىدە، سوت مەھكىمىسى قايتىدىن تەكشۈرۈپ دەلىل-
لەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى (ئامال-
سىز) جاكارلاپ 1989 ـ يىلغىچە بىر ـ بىرلەپ قويۇپ
بەرگەن. يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقى يىمىرىلىشكە يۈزلەنگەن-
دىن كېيىن، ئۇ سەپداشلىرى بىلەن بىللە «دېموكراتىك
ھەرىكەت پارتىيىسى»نى قۇرۇپ چىقتى، 1990 ـ يىلى
سايلام ئارقىلىق جۇمھۇرىيەت رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى.
سىرىپلار بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى نەچچە يىل داۋام-
لاشقان ئىنتايىن مۇرەككەپ، سىياسىي ۋە ھەربىي توقۇ-
نۇشتا، ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيىدىكى ئاجايىپ تالانتى، سىيا-
سىي جەھەتتىكى يىراقنى كۆرەرلىكى بىلەن، بوسنىيە
خەلقىنى ئىستراتېگىيىلىك ئىجابىي يۆنىلىشكە قاراپ يې-
تەكلىدى. سىربىيە ھۆكۈمىتى ۋە ئالاقىدار تەرەپلەر بىلەن
ئېلىپ بېرىلغان جاپالىق ھەم خەتەرلىك، ئۇزاققا سوزۇلغان
سىياسىي سۆھبەتلەردە، ئۇۋغا ئەمەس، بەلكى بىر ئوۋچىغا
ئايلاندى. بۇ ئۇرۇش 1996 ـ يىلى ئىمزالانغان «دايتون»
تىنچلىق كېلىشىمى ئارقىلىق ئاخىرلاشتى. مەزكۇر كېلى-
شىمنىڭ ئاساسىي ماددىلىرىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان
2 ـ قېتىملىق سايلامدا ئۇ يەنە بىر قېتىم جۇمھۇرىيەت رە-
ئىسلىكىگە سايلاندى. پەۋقۇلئاددە كۆزىتىش قابىلىيىتى،
كۆپ قاتلاملىق بىلىم، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدا-
رىغا ئىگە ئىززەت بېگوۋىچ ئۆزىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرى-
دىكى ئەسەرلىرىدە ئوبيېكتىپ ۋە كونكرېت پاكىت ئاسا-
سىدا مۇنداق ئىككى نۇقتىنى يەنى ئۇنىڭ مەنا قاتلىمىدا
مۇھىم بىر ئىدىيىنى بايان قىلىدۇ. بىرىنچى، ئىنسانلار
پەن ـ تېخنىكىدا مىسلىسىز دەرىجىدە ئالغان ئىلگىرىلى-
دى، تاش قورال دەۋرىدىن ئاتوم ۋە ئېلېكترون دەۋ-
رىگە قەدەم قويدى، ھەتتا ئۇنىڭدىن ھالقىپ كەتتى. ئۇ-
نىۋېرسال تېخنىكا ساھەسىدە ھەيران قالارلىق نەتىجى-
لەرنى قولغا كەلتۈردى؛ ئىككىنچى، ئەپسۇسكى، ئىنسانى-
يەت ئۆزى كېچە ـ كۈندۈز ئېرىششنى ئارزۇ قىلىپ يا-
شايدىغان، ھاياتىدىنمۇ قىممەتلىك دەپ ھېسابلايدىغان

تىنچلىقنى بەرپا قىلىشتا تەتۈر تاناسىپ شەكىللەندۈردى. يەنى ئۇ (ئىززەت بىگوۋىچ) ئىنسانىيەت يۈكسەك ئەقىل-پاراستى ئارقىلىق پەن-تېخنىكا ساھەسىدە كۈندىن كۈنگە كۆپ خىللىشىۋاتقان ۋە ئىلغارلىشىۋاتقان غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ناھايىتى ئەپسۇسكى، ئىنسان تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاجايىپ كارامىتىنى كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان ئەقىل-پاراستىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپمۇ، ئۆز ھاياتىنىڭ ماكرو ۋە مىكرو تەرەپلىرىدە ھەقىقىي تىنچلىقنى بەرپا قىلىشتا، يىراق كەلگۈسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاساسىي جەھەتتىن ئامالسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ھەتتا ئۇنى قەدەممۇ قەدەم ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرسىتىۋاتقان بارلىق تىرىشچانلىقلار، ئىستراتېگىيىلىك تىنچلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، نەتىجىسىز ئاخىرلىشىپلا قالماي، ئەكسىچە تىنچسىزلىق پاتقىقىغا بارغانسېرى چوڭقۇر پېتىش، توقۇنۇش قايىنىمىغا كۈنسېرى چوڭقۇر چۆكۈپ كېتىش تەرىپىگە قاراپ يۈزلەنمەكتە، دەپ بايان قىلىدۇ. بارلىق ئىنسانلارغا ھەقىقىي مەنىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك، ئىزچىل داۋاملىشىدىغان تىنچلىقنى ئاتا قىلالايدىغان، ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدىيە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئىنتايىن رېئال، ئەمما ناھايىتى زىل، ئىنچىكە تەپەككۇر ئارقىلىق سىڭدۈرۈلگەن.

## ئىنسان ۋە نىكاھ

نىكاھلىنىش ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانىدىن باشلاپ ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھاياتلىق مېخانىزمى. يەنە ئۇ رېئاللىق بىلەن نەزەرىيە ياكى ئىسلامىي قىممەت قاراش بىلەن غەيرىي ئىسلامىي قىممەت قاراش توغرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ جانلىق ئۈلگىسى ۋە مۇھىم تۈگۈنى. خرىستىئان ئەقىدىسىنىڭ نېگىزى پۈتۈنلەي پاك بولۇشنى يەنى، نىكاھلانماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. خۇداسىزلىقمۇ بىر ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە جىنسىي تۇرمۇش ئەركىنلىكىگە تامامەن كەڭ قوللۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. بىراق ھەر ئىككى ئېقىم ئۆز ئىدېئولوگىيىسىنى ئەمەلىي تۇرمۇشقا تەتبىقلاش داۋامىدا ئېغىر ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي كرىزىسقا دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا ئۇنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى سۈپىتىدە نىكاھلىنىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش يۆنىلىشىگە قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى.

قەدىمكى خرىستىئانلار نەزەرىدە نىكاھلىنىش پۈتۈنلەي ئاساسسىز قىلىنمىش. چۈنكى ئەيسا ئەلەيھىسسالامدىن ئۇزۇل-كېسىل پاك بولۇش تەلەپ قىلىنغان. ئۇ «پەرۋەردىگاھ سىلەرنى زىنا-پاھىشىدىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇدى. مەن سىلەرگە شۇنداق دەپ جاكارلايمەنكى، ھەر قانداق بىر كىشى بىرەر ئايالغا شەھۋانىي نەزەر بىلەن قارايدىكەن، شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇ ئاشۇ ئايال بىلەن قەلبى ئارقىلىق زىنا قىلغان بولىدۇ». ئۇلار-خرىستىئانلار ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن بىر ئۆمۈر تامامەن پاك ياشاش ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىشقا، يەنى نىكاھلانماسلىققا چاقىرىق قىلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولماقتا دەپ قارايدۇ. تولستوي ئاشۇ خىل كۆز قاراشنىڭ ئۆزىدىن مۇنداق دەپ يەكۈن چىقىرىدۇ: «نىكاھلىنىش ئىنسانلارنى پاك ياشاش مىزانلىرىغا بويسۇنۇشتىن توسۇپ قويىدۇ، ياكى نىكاھلىنىش ئىنسانلارنى تەقۋادارلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ دەپ قارايدىغان ئاشۇ كىشىلەر خاتالاشقۇچىلاردۇر». پوپ بولس مەلۇم ۋەز-نەسىھەتلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق بىر سۆزنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدى: «نىكاھلانمىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارنى قانداق رازى قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويغۇچىلاردۇر. نىكاھلانغان كىشىلەر ئايالىنى قانداق رازى قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويغۇچىلاردۇر». ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، خرىستىئانلار نىكاھلىنىش ساقلىنىش زۆرۈر بولغان ئەڭ يامان ئىش، ئىنسان ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان تەقۋادارلىق ۋە مۇكەممەللىكنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىدىغان سەلبىي ھەرىكەت، ھەر قانداق بىر ئايال زاتىغا يېقىن يولىماسلىق ئەرلەرنىڭ پەزىلىتى، بىراق زىنا-پاھىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن چوقۇم ئەرلەرگە خوتۇن، ئاياللارغا ئەر بولۇشى زۆرۈر دەپ قارايدۇ. بىز بۇ ۋەز-نەسىھەتلەردىن خرىستىئانلارنىڭ نىكاھ ھەققىدىكى ئاشكارا تەلىماتلىرىنىڭ بىر ئاز تۇترۇقسىز ئەمەلىيەتتىن خېلىلا يىراق تەرغىبات ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. چۈنكى ئۇ تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا نىكاھلىنىشتىن ۋاز كېچىشنىڭ ئۆزگىچە ئۇسۇلى ياكى باشقىچە بىر شەكلى. خرىستىئانلارنىڭ كۆز قارىشىنى خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا نىكاھلىنىش ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي كرىزىسنى ھەل قىلىشنىڭ بىرەر قائىدە-پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان بولماستىن، بەلكى ئۇ رېئال تۇرمۇشنىڭ مەجبۇرلىشى

ئارقىسىدا ئامالسىزلىقتىن يولغا قويۇلغان ھەل قىلىش ئۇسۇلى. يەنى، «پوپ بولسىنىڭ دېگىنى بويىچە ئېيتقاندا زىنا-پاھىشىدىن ساقلىنىشنىڭ كونكرېت چارىسى». شۇنداق قىلىپ خۇداسىزلىق ئىدىيىسىمۇ خرىستىيانلارنىڭ مەزكۇر قاراشلىرىدىن تامامەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان باشقا بىر سەۋەبلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نىكاھلىنىشنى مۇنداق دەپ رەت قىلىدۇ: ھەر بىر ئادەمنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشى ھېسابلىنىدىغان نىكاھلىنىش ئىشى بىر جىنسنىڭ باشقا بىر جىنسنى بويسۇندۇرۇشى ۋە ئېزىشىدىن ئىبارەت، ئۇ يەنە تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا نىكاھلىنىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان زىددىيەتنىڭ تەرەققىياتى سىنىپىي كۈرەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى...

بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى كوللېكتىپنىڭ مۈلكىگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ھەر بىر ئائىلە كۆپچىلىككە مەنسۇپ بولغان ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش، شەخسىي تۇرالغۇغا ئىگىدارچىلىق قىلىش بولسا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگىرىپ كېتىش. كىچىك باللارنى مائارىپ تەربىيىسىگە ئىگە قىلىش ۋە ئۇلارنى قاتارغا قوشۇشنى كوللېكتىپنىڭ مەجبۇرىيىتىگە ئايلاندۇرۇش، ئاخىرقى ھېسابتا پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى كىچىك باللار مەيلى ئۇلار قانۇنلۇق نىكاھ ئارقىلىق تۇغۇلغان بولسۇن، ياكى قانۇنسىز نىكاھ ئارقىلىق تۇغۇلغان باللار بولسۇن، ئوخشاش دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېرىشىپ، ئوخشاش دەرىجىدە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلىدۇ. مانا شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي باراۋەرلىك ئەخلاقىي گۈزەللىكنى، ئىقتىسادىي گۈللىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى دەپ ھېسابلايدىغان، قىزلارنى ئۆزى سۆيگەن ئەرلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى پۈتۈنلەي بېغىشلاشتىن تامامەن مەھرۇم قىلىدىغان ئاشۇ قائىدە-پرىنسىپلارنى تەتبىقلاش نەتىجىسىدە ئائىلىدە خاتىرجەمسىزلىك، تەشۋىش، كۆڭۈلسىزلىك داۋاملىق ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ، ھەتتاكى كۈچىيىپ بارىدۇ. مانا بۇ ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ئەركىن جىنسىي مۇناسىۋەتكە يول قويۇش يۆنىلىشىگە قاراپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشنى تېخىمۇ ئاسان ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئاياللارنىڭ ئار-نومۇسى، پاك، سەبىي قىزلارنىڭ ئۆزىگە خاس قەدىر-قىممىتى ۋە شان-شەرىپى بىلەن بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك مۇناسىۋىتى بولغان تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە ئومۇميۈزلۈك ناھايىتى زور دەرىجىدە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئاممىۋى كەيپىيات ۋە پىكىر ئېقىمىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك سەۋەب ھېسابلانمامدۇ؟

خرىستىيانلارنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن ئۇنىڭ پاكلىق تەرغىباتلىرى ئوتتۇرىسىدا روشەن باغلىنىش مەۋجۇت، بۇ خىل تەرغىبات تۈپەيلى تارىختا خرىستىيانلار ئۆزلىرىنى ئاختا قىلىۋېتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكۈدەك ھالەتتە ئەسەبىيلەشتى، خرىستىيان ئۆلىماس (origen) ئورىگېن ۋۇجۇدىنى پاك تۇتۇپ ياشاش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاختا قىلدى. ۋالېرئىنانى (Valeriani)نىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى بىر تۈركۈم مۇرىتلىرى ئۆزلىرىنى ئاختا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ رايونى ۋە تەسىر دائىرىسىگە كىرگەن ھەر بىر ئادەمگە بۇنى تەتبىقلىدى. شۇنىسى مەلۇمكى ئاختا قىلىش باشقا دىنلارغا نىسبەتەنمۇ ناتونۇش ھەم يات ئىش ئەمەس. تارىختىن مەلۇمكى، ئاختا قىلىش قىلمىشىنى بارلىق چېركاۋلار 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندىلا ئاندىن چەكلەشكە باشلىدى. غەرب دۇنياسىدىكى خۇداسىزلىق قارىشىغا ناھايىتى مايىل بەزى كىشىلەر جىنسىي ئىستەك ۋە ئارزۇنى ئاشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۈزۈل-كېسىل تورمۇزلاش، تارىختىكى قالاق ئىجتىمائىي تۈزۈلمە بىلەن مەلۇم دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراپ كەلمەكتە. 1854-يىلى تۇغۇلۇپ، 1923-يىلى ۋاپات بولغان شوتلاندىيىلىك تارىخشۇناس ۋىلھېلم رېلچ (Wilhelm. relch)، 1879-يىلى تۇغۇلۇپ، 1940-يىلى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن روسىيە يازغۇچىسى، سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالىي رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان تروتسكىي (Trotsky) قاتارلىق كىشىلەرنىڭ نەزەرىيىسى ۋە فرانكفورت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيىۋى قاراشلىرىمۇ مەزكۇر كۆز قاراش بىلەن بىردەك. 1898-يىلى گېرمانىيىدە تۇغۇلۇپ، 1979-يىلى ئامېرىكىدا ۋاپات بولغان مەشھۇر گېرمان پەيلاسوپى، فرانكفورت ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان ماركوز (Marcose) ئۆزىنىڭ «پەلسەپە ۋە ئىنقىلاب» دېگەن كىتابىدا كاپىتالىزمنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتلەرنى تورمۇزلىشى جىنسىي پائالىيەتلەر ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئېنېرگىيىدىن باشقا ساھەلەردە پايدىلىنىشنى مەقسەت

قىلدۇ، دېگەن قاراشنى قوبۇل قىلدىغانلىقىنى بايان قىلدى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بويتاق تۇرمۇش (نىكاھ ـ لانماسلىقنى پاك ياشاشنىڭ ئاچقۇچى دەپ قاراش) ئاللا ـ نىڭ بىۋاستە ۋەسىيەتلىرى ياكى ھەرقانداق ۋەھىي ئىلا ـ ھامىنى ئاساس قىلىپ مەيدانغا كەلگەن ھادىسە ئەمەس ۋە ياكى بارلىق چېركاۋنىڭ قەدىمكى ئەنئەنە ۋە تەرغىباتلى ـ رىدا ئۇنداق تەلىمات مەۋجۇتمۇ ئەمەس، تارىختىكى بويتاق تۇرمۇش مەسىلىسىگە نەزەر سالساق (مەقسەتلىك نىكاھلانماسلىق مەنىسىدىكى) ئۇنى 1139 ـ يىلى دۇنيا خرىستوسلار ئۇيۇشمىسى قارار قىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن قارايدىغان بولساق، ئاشۇ خىل مەنادىكى بويتاق تۇرمۇش خۇداسىزلىق ئېقىمىنىڭ تەبىئىي بىر قىسمى. ۋاتىكاننىڭ ھەر قېتىملىق قۇرۇلتىيى ئاخىرلاشقاندا پوپلارنىڭ بويتاق تۇرمۇشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەكلىپى داۋاملىق رەت قىلىنىپ كەلدى. بۇ ھال پرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا شۇنداق بولغان بولسىمۇ، ئەمما رېئال تۇرمۇش ۋە ئۇ پرىنسىپنى ئەمەلىي تۇرمۇشقا تەتبىقلاش جەھەتتىن ئېيت ـ قاندا بويتاق تۇرمۇشنى (غەرەزلىك ھالدا) پەقەت ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا خالايدۇ ۋە شۇنداق ياشايدۇ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەزى جۇمھۇرىيەتلىرى، روسىيە ۋە دۇنيانىڭ بەزىبىرقىسىم جايلىرىدا «جىنسىي ئەركىنلىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي ئاپەت ـــ ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك، ئائىلە كرىزىسى كۈنسېرى ئېغىرلاشقاندىن كېيىن» نىكاھلىنىش مېخانىزمى قايتىدىن ئورنىتىلدى. مۇبادا نىكاھلىنىش مېخانىزمىنى يەنىلا خرىستىئانلار ۋە دەھرىيلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۇرمۇشقا تەتبىقلاشقا توغرا كەلسە باشتىلا ئىككى تەرەپنىڭ تەتبىقلاش ئەھۋالىدا پەرق كۆرۈلىدۇ؛ مەسىلەن، نىكاھلىنىش مېخانىزمى خرىستوس ـ لارنىڭ نەزەرىدە ئالدى بىلەن پۈتۈنلەي پاك ياشاش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن يولغا قويۇلىدۇ، دەھرىيلەرنىڭ نەزەرىدە بولسا، ئالدى بىلەن جىنسىي ئوبيېكتنى پۈ ـ تۈنلەي ئەركىن تاللاش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن يولغا قويۇلىدۇ. دەھرىيلەر نىكاھلىنىشنى ئۆزئارا توختاملىشىپ (بەزى ئەھۋالدا مەخسۇس قائىدە ـ تۈزۈملەرنىڭ تىز ـ گىنلىشى ئاستىدىكى رەسمىي ئەھدىنامە) يولغا قويغان ۋاقىتتا، خرىستىئانلار ئۇنى مۇقەددەس دىنىي قائىدە سۈ ـ پىتىدە يولغا قويىدۇ. بىراق دەھرىيلەرنىڭ نىكاھلىنىشى بىلەن كاتولىك دىنىي مۇخلىسلىرى ۋە پاپا ئىزنىمچىلار ـ نىڭ نىكاھلىنىشى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ مۇساپىسى بىراق يېتى ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئىككى تەرەپ ئوتتۇر ـ سىدىكى پەرقنىڭ ئاساسلىق نېگىزى نىكاھلىنىشتا ئەمەس، بەلكى نىكاھلانغاندىن كېيىن ئۇنى ئاخىرلاشتۇرۇشتا، يەنى ئاجرىشىشتا. خرىستىئانلار مۇقەددەس نىكاھ ئەھدىنامى ـ سىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، نىكاھلىنىش ئادەتتىكى ئىتتىپاق تۈزۈشكە ئايلىنىپ قالىدۇ، يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەھدىنامىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مۇتلەق مۇمكىن بولمايدىغان ئاشۇ خىل نىكاھ مۇقەددەس بىر نەرسىگە ئايلانغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇنى نوقۇل ھالدىكى ئىتتىپاق تۈزۈش دەپ قاراش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەسلىي خۇسۇسىيىتى تېزلا يوقىلىدۇ ۋە ماھىيىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ۋەھالەن ـ كى، بۇ خىل ئاقىۋەتنى قوبۇل قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان يارامىلىق مۇۋاپىق بىر تۇرمۇش پروگراممىسى مەۋجۇت ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئىسلام دىنى نىكاھلىنىش پرىنسىپ ـ لىرىنى (قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس ئارقىلىق) تەپسىلىي بايان قىلىش بىلەن بىرگە رېئال تۇرمۇشقا تەتبىقلاشتا نىكاھلىنىشنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى تەرەپنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈردى، ئىسلام دىنىدىكى نىكاھ (ياۋروپالىقلارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئېيتقاندا) ئۇ بىر ماددىي ۋە مەنىۋى (دىنىي) ھەم مەدەنىي تەرەپلەر زىچ بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن نىكاھ ھېسابلىنىدۇ، يەنى نىكاھ ـ لانغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا دىنىي ئېتىقاد نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇ ـ رۇلىدىغان ئىتتىپاقلىق ئەھدىنامىسى. نىكاھلىنىش جەريا ـ نىغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان دىنىي زات ۋە بىرەر دۆلەت خىزمەتچىسى... ئۇ ئىككى كىشى نىكاھلىنىش جەريانىنىڭ قانۇنلۇق گۇۋاھچىسى، مانا بۇ ئۇنىڭ دىنىي (روھىي) تە ـ رىپى، ئىسلام دىنىدىكى نىكاھلىنىشنىڭ ئۆزىدە توختام خاراكتېرى مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مۇمكىن ھەم يوللۇق، چۈنكى نىكاھ ئەھدىنامىسىنى بىكار قىلىشقا (ئاجرىشىشقا) ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلىرى تولۇق ھازىرلانغان (ئىسلام شەرئىتى بويىچە) ئەھۋال ئاستىدا رۇخسەت قى ـ لىنىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە توختىلىپ

«ئەر ـ ئايالنىڭ نىكاھ ئەھدىنامىسىنى بىكار قىلىش ئار-
زۇسى ۋە ھەرىكىتى ئاللا ئەڭ نەپرەتلىنىدىغان، ئەڭ غە-
زەپلىنىدىغان، بىراق، شۇنداق قىلىشنىڭ قانۇنىي سەۋەب-
لىرى مەيدانغا كەلگەن ئەھۋال ئاستىدا رۇخسەت بەرگەن
بىر ئىش» دېگەن. بۇ بولسا ئىسلام دىنىدىكى نىكاھلى-
نىشنىڭ مەدەنىي تەرىپى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامـنىڭ
يۇقىرىقى سۆزلىرى نىكاھلىنىشنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى
تەرەپلىرىنى تەڭ نەزەردە تۇتقان ئەخلاقىي نىزامغا، دى-
نىي ئالىي فورماتسىيىسىگە تامامەن ئۇيغۇن تەپەككۇر. مۇ-
شۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاشۇنداق نىكاھلىنىشنىڭ
ئۆزى، بارلىق ئىسلامىي تۇرمۇش مېخانىزمىنىڭ جانلىق
ئۈلگىسى ۋە ئوبرازلىق نامايەندىسى. نىكاھلىنىش (ئىسلام
دىنىدىمۇ ھەممىگە مەلۇم بىر ئىش بولغاندەك) ئىنسانى-
يەت ئالىمىدىكى ئەڭ ئوبيېكتىپ، ماھىيەت جەھەتتىن
ئالغاندا ئەڭ قىيىن بىر مەسىلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل
قىلىشنى ۋە ئۇنىڭغا توپتوغرا جاۋاب بېرىشنى ئاخىرقى
نىشان قىلىدۇ؛ ھەر بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ ماددىي ئېھتىياجى
بىلەن مەنىۋى ئېھتىياجىنى، يەنى فىزىئولوگىيىلىك فۇنك-
سىيە، فىزىئولوگىيىلىك جەريان ۋە ئېھتىياجى بىلەن بىئو-
لوگىيىلىك فۇنكسىيە، بىئولوگىيىلىك جەريان ۋە ئېھتى-
ياجىنى قانداق قىلىپ، قايسى ئۇسۇل بىلەن مۇۋەپپەقىيەت-
لىك بىرلەشتۈرىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرىدۇ، ئىن-
سان ئۆزىنى سۆيگۈ ـ مۇھەببەتتىن مەھرۇم قىلماي تۇ-
رۇپ، ئار ـ نومۇسى ۋە شان ـ شەرىپىنى قانداق قىلىپ
داۋاملىق ساقلاپ قالالايدۇ، ھەرقانچە تەقۋادار بولغان
تەقدىردىمۇ پەرىشتىلەرگە ئايلىنىشى مۇمكىن بولمايدىغان
يەنىلا بىر ئىنسان بولۇپ ياشايدىغان بۇ جانلىقنىڭ، ئۆز
تېپىغا بولغان سۆيگۈسىنى قانداق قىلىپ تەرتىپ ـ ئىنتىزام
ئاستىغا ئالىدۇ، يەنى ئۆز سۆيگۈسىنى كىمدىن چەكلەيدۇ،
كىمگە تەقدىم قىلىدۇ، قانداق ئۇسۇل بىلەن چەكلەيدۇ،
قانداق ئۇسۇل بىلەن تەقدىم قىلىدۇ، قايسى ۋاقىتتا، قايسى
جايدا ئىزھار قىلىدۇ، قايسى ۋاقىتتا، قانداق جايدا ئۇنى
تىزگىنلەيدۇ، مانا بۇ چىن مەنىسىدىن ئېيتقاندا ئىسلام دى-
نىنىڭ يەتمەكچى بولغان ئەڭ ئالىي غايىسى ۋە بۈيۈك نى-
شانى. نىكاھلىنىشنى ئادالەتكە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش مۇمە-
كىن (بۇ ئىككىسى ئىسلام دىنىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى)، ئۇ

ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىق تۆۋەندىكىچە: نى-
كاھلىنىش ئىنساندىكى تەبىئىي مەۋجۇت ئىدىيە ۋە ئارزۇ،
ئۇ ئەر ـ ئاياللىق تۇرمۇشتا كۆرۈنۈشتىكى مەلۇم قۇپال
سۆز ـ ھەرىكەتلەردىن خالىي بولالمايدۇ. مەسىلەن، ئەر
كىشى ھەر ۋاقىت سىپايە، ئايال كىشى ھەمىشە لاتاپەتلىك
ئوبراز يارىتىپ ياشاش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش،
مانا بۇ نىكاھتىن ئىبارەت تۇرمۇش قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسى
تەۋرەنمىگەن ئەھۋالدا، ئەر ـ ئايال تۇرلۇك ئىشلاردا
تولىمۇ سەۋرچان، ئېغىر ـ بېسىق ۋە سالماق بولۇشى
زۆرۈر دېگەنلىك بولىدۇ، ئادالەت ھەم تەبىئىي مەۋجۇت
ئىدىيە ۋە گۈزەل ئارزۇ. ئۇمۇ كۈندىلىك تۇرمۇشتا تۈر-
لۈك ئۇسۇلدا ھەر خىل شەكىلدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ:
مەسىلەن، سىز بىرەر ئىنسانغا، ھەتتاكى ئائىلىڭىزدىكى-
لەرگە ئادالەتنى چىقىش قىلىپ قوپال سۆز ياكى سىپايە
بولمىغان ھەرىكەتلەرنى قىلىشىڭىز مۇمكىن، بىراق ئۆزد-
ڭىزمۇ باشقىلارنىڭ ھەتتا ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ ئاشۇنداق
مەقسەتتىكى ھەر خىل مۇئامىلىسىگە ئۇچرىشىڭىز مۇمە-
كىن، شۇنداقتىمۇ نىكاھلىنىش بىلەن ئادالەتكە ئېرىشىش
سىز ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ مۇھىم، سىز مەڭگۈ
ئايرىلىشنى خالىمايدىغان بىر ئىش. دىققەت قىلىشقا ئەر-
زىيدىغىنى شۇكى، بۇ ئىككى نەرسە ھەر بىر ئىنسانغا يەنى
بويتاق تۇرمۇش (نىكاھلىنىشنى مەقسەتلىك رەت قىلىش)
بۈگۈنكى كۈندىكى ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىلگەن ئۇنى-
ۋېرسال مۇھەببەتلىشىشكە سېلىشتۇرغاندا ئەڭ ساپ، ئەڭ
بەختەر، ئەڭ خاتىرجەم ياشاش مۇھىتىنى يارىتىپ بېرە-
لەيدۇ. تولستوي ئاشۇ ھەقىقەتلەرنى چۈشىنىپ يەتكەن
بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يەكۈن
چىقىرىپ ئۆزىنىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» دېگەن كىتابىدا
مۇنداق دەيدۇ: «خرىستىئانلار ئەڭ سەممىي تەلىماتلى-
رىدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا نىكاھلىنىش قۇرۇلمىسى بەرپا
قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىرەر ئا-
ساسلىق پاكىت مەۋجۇت ئەمەس، شۇڭا خرىستىئان دۇنيا-
سىدىكى بارلىق مىللەتلەر نىكاھلىنىش مېخانىزمى تەرەپكە
قانداق يۈزلىنىشنى ۋە ئۆزلىرىنى ئاشۇ قۇرۇلما ئىچىگە
قانداق ئېلىپ كىرىشنى بىلىپ يېتەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار نىكاھلىنىش ماھىيەتتە خرىستوس مۇخلىسلىرىنىڭ

تۇرمۇشغا نسبەتەن يات خرىستىئان تەلىماتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان بىر مىخانىزىم، دەپ چۈشىنىپ قالدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇلار ماقالىنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىنغان ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىدىن، ئۇنىڭ ئىنسانلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا زىنا ـ پاھىشىدىن ساقلىنىپلا قالماستىن، ھەتتا ئۇنىڭغا بىۋاستە ياكى ۋاسىتىلىك سەۋەب بولىدىغان ئەڭ ئەقەللىي سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىنمۇ ساقلىنىش لازىملىقىنى كۈچلۈك تەكىتلىگەنلىكىدىن ئىبارەت ئەڭ ئالىي غايىسىنى، شۇنداقلا ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭمۇ بۇ جەھەتتىكى كەم ـ كۈتىسىز ئۈلگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ، «ئەڭ ئالىي غايە ۋە نەمۇنە» ئىنتايىن رېئال ئەقىدە ۋە دۇنيا قاراشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان، شۇنىڭدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر بىر ئىنسان بىرلا نەزەر سېلىش بىلەن كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغان ۋە مەنتىقىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىجتىمائىي مەنزىرە كۆز ئالدىمىزدا ئاشكارا نامايان بولىدۇ، مەسىلەن، خرىستىئانلارنىڭ بارلىق دىنىي تەلىماتلىرى توغرىسىدا ھېچقانداق بىرەر سەۋىيىگە ئىگە بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئەڭ ياخشى، ئەڭ ساپ ئەر ـ ئاياللىق تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان پروتوتىپ، قائىدە ۋە گۈزەل ئەنئەنىگە ئىگە كىشىلەرنىڭ ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ۋاپادارلىقى، سەمىمىيلىكى، ئائىلىگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ساداقەتمەنلىكى، ئۆزلىرىنى خرىستىئان دىنىنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتلىرى دەپ ئاتىۋالغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ كۈچلۈك. خرىستىئانلاردىن مەلۇم دەرىجىدە تەلىم ـ تەربىيە ئالغان خەلقلەر ئارىسىدا ئاتالمىش كىچىك خوتۇن (ئەمەلىيەتتە ئاشنا) ئېلىش، كۆپ خوتۇنلۇق، كۆپ ئەرلىك بولۇش تۇرمۇش ئەنئەنىسى مەۋجۇت. بىراق نامدىكى بىر ئەر، بىر خوتۇن بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ نىقابى ئاستىدا ھازىر تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە جىنسىي ئالاقىنىڭ خرىستىئان دۇنياسىنى قاپلاش دەرىجىسى ۋە سالمىقى بىز تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان ھالەتتە جىددىي ۋە ئېغىر ئەمەس». 1828 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1910 ـ يىلى ۋاپات بولغان، رۇس مىللىتى جۈملىدىن خرىستىئان دۇنياسىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە تۇرمۇش ئەنئەنىلىرى ۋە قىممەت قارىشىنى، شۇنداقلا روسىيە ۋە غەرب جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنى پىششىق بىلىدىغان قابىلىيەتلىك ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچى ل. تولستوي ئەگەر بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا ھايات بولغان بولسا، كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە ئېغىر جىنسىي كرىزىسقا قايتىدىن باھا بەرگەن بولار ئىدى.

تەييارلىغۇچى: يالقۇن روزى (شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى)

## ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تەتقىقات، ئۆرپ ـ ئادەت، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، خەلق ناخشىلىرى، مۇقام، خەلق ئويۇنلىرى، مەشرەپلىرى، قول ھۈنەر ـ سەنئەت، دىنىي ئېتىقادىغا ئائىت ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ئۇنىۋان باھالاشتا ئېتىراپقا ئېرىشىدۇ. شۇڭا ئاپتورلارنىڭ بىز بىلەن يېقىندىن ئالاقە قىلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ــ (0991)

# خۇلۇقنامە

شەمسۇلمائالى قابۇس (پارس)

## دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلىش توغرىسىدا

ھەر قانداق ئادەم بۇنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. ئۇ بولسىمۇ دۈشمىنىڭنى ئامالسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغىن. دۈشمىنىڭدىن قورقما ھەم بۇنىڭ ئۈچۈن ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالما. چۈنكى، سەن كىشىلەر بىلەن دۈشمەنلىشىشنى ئويلىمىساڭمۇ، كىشىلەر سەن بىلەن دۈشمەنلىشىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بارلىق يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا ھەرىكەتلىرىدىن ھوشيار بول. ئۇنىڭ قەبىھ ھەرىكىتىگە ھەرگىز بىخەستە بولما. ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ مەككار، ياۋۇز تەبىئىتىگە دىققەتتە بول. ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۇنىڭ سۇيىقەستىگە ئالدانما. ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى ئىگىلەپ تۇر. بۇنداق قىلساڭ تۇيۇقسىز كەلگەن بەختسىزلىك ياكى پالاكەتلەردىن تەمتىرەپ قالمايسەن.

تەييارلىقىڭ تېخى پۈتمىگەن چاغدا دۈشمىنىڭ بىلەن بولغان زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتمە. يىقىلىپ قالغان ھالەتتىمۇ دۈشمەن ئالدىدا ئۆزۈڭنى ھەرگىز ئاجىز كۆرسەتمە. بۇنداق چاغدا ھەر خىل ئامالار بىلەن قەددىڭنى تىك تۇت.

ياخشى سۆز، ياخشى ھەرىكەتلەرنىڭ دۈشمەننى تەسىرلەندۈرىدىغانلىقىغا ھەرگىز ئىشەنمە. ناۋادا دۈشمىنىڭ ھەسەل بەرسە ئۇنى زەھەر دەپ بىل.

ناۋادا ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمىڭ ئۆزىنى دۈشمەن قوينىغا ئېتىپ، ساڭا ئاسىيلىق قىلسا، دۈشمىنىڭ قوش بىسلىق ئۆتكۈر تىغقا ئايلىنىدۇ.

كۈچلۈك دۈشمەندىن قاتتىق ھەزەر ئەيلە. كىشىلەر دائىم: «ئىككى خىل نەرسىدىن قورقۇش كېرەك: بىرى، كۈچلۈك دۈشمەندىن، ئىككىنچىسى، ساداقەتسىز يېقىن ئادەمدىن» دەيدۇ. ئاجىز دۈشمەنگىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئاجىز دۈشمەننى ھەرگىز زەئىپ، خار چاغلىما، ھەرگىز بىپەرۋا بولما.

خۇراساندا مۇھەللەپ ئىسىملىك ناھايىتى باي ھۆرمەتلىك بىر ئادەم بار ئىدى، بىر كۈنى ئۇ يولدا پىيادە كېتىۋېتىپ، بىر پارچە قوغۇن شاپىقىغا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇ دەرھال يېنىدىن پىچىقىنى ئېلىپ، قوغۇن شاپىقىنى پارچە ـ پارچە قىلىپ كېسىپ تاشلاپتۇ. خىزمەتكارلىرى: «ئالىيلىرى! شۇنچە ئۇلۇغ ئادەم تۇرۇپ بىر پارچە شاپاقنى پارچە ـ پارچە قىلىپ كەسكىنىڭىز نېمىسى؟» دەپ سوراپتۇ. مۇھەللەپ ئۇلارغا: «مېنى تېيىلدۇرۇپ يىقىتقان قوغۇن شاپىقىنى كەسمەي نېمىنى كېسىمەن؟ بۇ قوغۇن شاپىقى مېنى يېقىتقان دۈشمەندۇر. قانداق ھالەتتە بولمىسۇن، دۈشمەننى يوقىتىش كېرەك. دۈشمەننى ئاجىز، خار چاغلىماسلىق، كىچىك سانىماسلىق كېرەك. ھەر كىم دۈشمەننى ئاجىز، خار ھېسابلىسا تېزلىكتە دۈشمەن قولىغا چۈشكەي» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

دۈشمىنىڭنىڭ سۈيىقەستى ئەمەلگە ئېشىشتىن ئىلگىرى ئۇنى مەغلۇپ قىل. سېنىڭ بىلەن قارشىلاشقىنى قايسى خىلدىكى دۈشمەن بولمىسۇن، سەن ئۇنى يەڭگەندىن كېيىن، مازاق قىلىپ بىر تىينىگە ئالغۇسىز قىلىۋەتمە. ئەگەر دۈشمىنىڭ ھەقىقەتەن ئاجىز بولۇپ، ھەممە ئادەم تىللىسا، ئۇنى يەڭسەڭ شەرەپ بولمايدۇ.

ئەجەبا پادىشاھ غەلىبە قازىنىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، گەرچە دۈشمەن پادىشاھنىڭ بۈيۈكلۈكى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمىسىمۇ، لېكىن پادىشاھنىڭ غەلىبە قازانغانلىقىنى مەدھىيىلەيدىغان ئەدىبلەرمۇ ئاۋۋال دۈشمەننىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى، شان ـ شەۋكىتىنى تەسۋىرلەپ، ئەسكەرلىرىنىڭ ھەر بىرىنى ئارسلانغا ئوخشىتىپ، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ناھايىتى خىللىقىنى، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ قوماندانىنىڭ قۇۋ، ھىيلىگەرلىكىنى كۈچەپ تەسۋىرلەپ، ئاندىن جاھانغا پاتماي قالغان قوشۇنىنىڭ غالىب

قوشۇن بىلەن تۇتۇشقاندا دەرھال يېمىرىلىپ، مەغلۇپ بولغانلىقى ئۈستىدە توختالغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ دەل مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن تەھلىل قىلىپ، پادىشاھىمىز ئاشۇنداق كۈچلۈك ئەسكىرى بار دۈشمەندىن غەلىبە قىلدى، نۇسرەتكە ئىگە بولدى، بۇ بولسا پادىشاھنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە ۋە ئۆزىنىڭ جاسارەت ـ شىجائىتىگە دەلىل بولسۇن دېمەكچى. چۈنكى، مەغلۇپ بولغۇچى قوشۇن بىلەن ئۇنىڭ قوماندانىنى تىللاپ ھېچنېمىگە يارىماس قىلىۋەتكەندە، نۇسرەت قازانغۇچى پادىشاھنىڭ شىجائىتىگە قانداقمۇ مەدھىيە ئوقۇغىلى، قەسىدە يازغىلى بولسۇن.

دۈشمەننى ھاقارەتلىمەسلىكتىن سىرت، ھەر قانداق ئەھۋالدا دۈشمەنگە ئىشەنمەسلىك كېرەك، بولۇپمۇ ئىچكى دۈشمەندىن  ھوشيار بولۇش كېرەك، چۈنكى ئۇ دۈشمەن سىزنىڭ مەخپىيەتنى بىلگۈچىدۇر. ئۇلار سىزنىڭ گۇناھ ئارتىپ قويۇشىڭىزدىن قورقۇپ، ھەر ۋاقىت يامان غەرەزدە بولىدۇ ـ دە، سىزنىڭ ھەر بىر قويغان ـ تۇتقىنىڭىزنى كۆزىتىپ، دۈشمەنلەرنى ئىچكى ئەھۋاللار بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. ھەر قانداق دۈشمەن بىلەن سەممىي مۇئامىلە قىلماسلىق، مۇنداقلا ئارىلىشىپ قويۇش كېرەك. ناۋادا ئۆزئارا مېھماندارچىلىقنى ھەقىقىي دوستلۇق، كونا ئاداۋەتنى يېڭى دوستلۇق دەپ قارىساق، كونا دوستلار دۈشمەنگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق دۈشمەننىڭ ساڭا زىيىنى ناھايىتى چوڭ.

شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇن، ئامالسىز ئەھۋالدىلا دۈشمەنگە يېقىنلاش. دۈشمەنگە شۇنچىلىك قاتتىق زەربە بەرگىنكى، ئۇ ساڭا تەھدىت شەكىللەندۈرەلمەيدىغان بولسۇن.

تىرىشىپ كۆپرەك دوست تۇت. دوستۇڭ دۈشمىنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولسۇن. دوستلىرىڭ كۆپ، دۈشمەنلىرىڭ ئاز بولسۇن. مىڭ دوستنى ئاز تۇتساڭ تۇتقىنكى، بىرمۇ دۈشمەننى كۆپەيتمە. مىڭ دوستۇڭ بولسىمۇ ۋاقتى كەلگەندە بىر دۈشمەندىن ساقلىنالمايدىغانلىقىڭنى ئۇنتۇما.

باشقىلارنىڭ ئاھانەت قىلىشىغا تاقەت قىلمىغىن. ئۆزىنى قەدىرلىيەلىگەن ئادەم باشقىلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن ھە دېگەندە زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتمە. ئاجىز دۈشمەنگە قارىتا جازا يۈرۈشىنىڭ قېيىنلىقىغا سەل قارىما.

ئەگەر دۈشمەن پاناھلىنىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭ بىلەن كونا ئاداۋىتىڭ بولسىمۇ ئۇنى قانات ئاستىغا ئال. بۇ سېنىڭ ئىچ ـ قارنىڭنىڭ كەڭلىكىنى نامايان قىلىدىغان ياخشى پۇرسەت. كىشىلەر دائىم: «دۈشمىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغان، قېچىپ كېتىدىغان چاغدا ياكى قورقۇپ كېتىپ سەندىن پاناھ تىلىسە، ئۇنىڭغا ھەرگىز ھەيۋە كۆرسىتىپ تۇرۇۋالما»دەيدۇ.

ناۋادا دۈشمىنىڭ قولۇڭدا جان بەرسە خۇش بولساڭ ئەرزىيدۇ. ئەمما، ئۇ قېرىلىقتىن، كېسەللىكتىن ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتسە خۇشال بولما، چۈنكى سەنمۇ ئۆلىسەن. ناۋادا سەن ھەقىقەتەن مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلىقىڭغا ئىشەنسەڭ، ئەلۋەتتە خۇشال بولۇشۇڭغا ئەرزىيدۇ. ھۆكۈمالار ئېيتقانكى: «كىشى دۈشمىنىدىن كېيىن بىر نەپەس ئارتۇق ياشىسىمۇ غەنىيمەت بىلىش كېرەك»، ئەمما مەن يۇقىرىدا ئېيتقاندەك بىر ئادەم ھەرگىز بىراۋنىڭ بەختسىزلىكىدىن خۇشال بولماسلىقى كېرەك. بۇنىڭغا قارىتا مەن مۇنداق مىسرالارنى پۈتكەن:

گەر دۈشمىنىڭنىڭ ئەجىلى توشقان بولسا،
بۇنىڭ ئۈچۈن داقا ـ دۇمباق چېلىپ خۇشال بولما.
سېنىڭمۇ ناھايىتى تۆت كۈنلۈكۈڭ قالدى،
باشقىلارنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن كۆڭلۈڭنى شاد ئەتمە.

ھەممىمىز سەپەر ئۈستىدە تۇرۇۋېتىمىز. سەپەر ئۈستىدىكى كىشىگە ياخشى ئىش ـ ئەمەلدىن بەلەن ئوزۇق يوق.

مەشھۇر ئىمپېراتور زۇلقەرنەيىن شەرق ۋە غەرب مەملىكەتلىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۆز مەملىكىتىگە قايتماقچى بولۇپ، دامغان دېگەن شەھەرگە كەلگەندە ئەجىلى توشۇپتۇ. ئۇ شۇنداق ۋەسىيەت قىپتۇ: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن تاۋۇتقا سېلىپ، تاۋۇتنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئىككى قولۇمنى چىقىرىپ قويۇڭلار، تاكى جاھان خەلقى كۆرسۇنكى، پۈتۈن دۇنيانى ئىشغال قىلدىم. مانا ئەمدى دۇنيادىن قۇرۇق قول كەتتىم. ئانامغا ۋەسىيىتىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭلار: روھىمنىڭ خۇشنۇدلۇقى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويسۇن. مەن ھازىر ھايات قېرىنداشلىرىمنى، ئالەمدىكى ھايات كىشىلىرىمنى ياد ئەتمەكتىمەن».

بىرەرسىنى يەرگە يىقىتىپ، ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى

چۈشمەكچى بولساڭ، ئەگەر ئۇسۇلۇڭ توغرا بولسا، چەمبەرچاس قىلىپ باغلىۋېتەلەيسەن، ئەگەر باغلىقلىق چەكتىن ئېشىپ كەتسە يېشىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلغاندا چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. مەيلى دوست ياكى دۈشمەنگە مۇئامىلە قىلىشتا بولسۇن، ئوتتۇراھال يول تۇتقان تۈزۈك. بۇ ئاقىلانىلىكنىڭ ئىپادىسى.

## ئالىيجانابلىق ئەقىل ـ پاراسەتكە باغلىق

پاراسەتسىز، دۆت كىشىلەر ھەممىلا ۋاقىتتا يارامسىز كېلىدۇ. خۇددى يوپۇرماقسىز تىكەنلىك دەرەخكە ئوخشاش، يا ئۆزىگە، يا باشقىلارغا قىلچە مەنپەئەت بەرمەيدۇ. مەرتىۋىلىك كىشىلەر پاراسەتكە نامرات كەلسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئورنىغا تايىنىپ يەنىلا كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەڭ بىچارىسى ھەم ئورنى يوق، ھەم قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان كىشىلەردۇر. ئەڭ كۆڭۈلگە ياقىدىغىنى مەرتىۋىلىك ئائىلىدىن كېلىپ چىقىپلا قالماي، بەلكى چوڭقۇر مەلۇماتقا ئىگە بولۇش. چۈنكى، ئەقىل ـ پاراسەت ياخشى ئائىلىلەردىن كېلىپ چىقىشتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. خۇددى دانالار ئېيتقاندەك: «قانداق ئائىلىدىن كېلىپ چىقىش بىلەن ھېسابلاشماي، ھەقىقىي قابىلىيەت يېتىلدۈرۈش كېرەك»، يەنى بىر ئادەمنىڭ ئۇلۇغ ياكى ئۇلۇغ ئەمەسلىكىگە قاراشتا، مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە ئەمەس، بەلكى بىلىم ـ ماھارىتىنىڭ چوڭقۇر ـ تېيىزلىكىگە قاراش كېرەك. ھەر قانداق ئادەم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن شان ـ شەۋكىتىگە تايىنىپ كۆرەڭلەپ قالماي، بەلكى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، ئۆز ئالدىغا شان ـ شەرەپ يارىتىشى كېرەك.

ناۋادا سېنىڭ بىلىم ـ مەلۇماتىڭ چوڭقۇر، ئەقلىدە دانا بولساڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەرتىۋىلىك ئائىلە، پەيلاسوپ ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولساڭ، چوقۇم كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ ئېكرامىغا مۇيەسسەر بولىسەن. ناۋادا سەن كىملەرنىڭ مەرتىۋىلىك ۋە ئالىملىق مۇقامىدىن ئىبارەت قوش ئالاھىدىلىكنى ھازىرلىغانلىقىنى بايقىساڭ، ئۇنىڭ قانچىلىغان چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قېلىشىدىن قەتئىينەزەر، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە باغلا.

پەيلاسوپ سوقرات مۇنداق دەيدۇ: «ئەقىل ـ پاراسەت پۇل، مالدىن ئارتۇق ئورۇندا تۇرىدۇ. پەزىلىتى ناچار كىشىلەر دۈشمەندىنمۇ كۈچلۈكرەك كېلىدۇ؛ ئۇلۇغلۇق ئورنىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىلىم بىلەن ئۆلچىنىدۇ؛ شۆھرەتپەرەسلىككە بېرىلگەندىن كۆرە نومۇسنى ئەلا بىلگىن».

بارلىق پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، قانداق ۋاقىتتا، قانداق شارائىتتا بولمىسۇن، بىلىم ئېلىش ئۈچۈن مىنۇت، سېكۇنتنى قولدىن بەرمە. ئەگەر بىلىمىمىز دېگەندەك مۇكەممەل بولمىسا، ئاقىل، دانا كىشىلەردىن ئۆگىنىپلا قالماي، بەلكى دۆتلەردىنمۇ ئۆگىنىشىمىز كېرەك. دۆلەتلەردىن ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈر بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب، سەن قەلب كۆزۈڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىلىمسىزلىكىنى كۆرگەندە، زېرەكلىك بىلەن تەپەككۇر قىلساڭ، ئۇلارنىڭ دۆت، ھاماقەت تەرەپلىرىنى بايقىيالايسەن ـ دە، قارشى يول تۇتىسەن. بۇ خۇددى ئالېكساندىر ئېيتقاندەك ناھايىتى پەلسەپىۋىلىككە ئىگە گەپ: «مەن دوستلارنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپلا قالماي، بەلكى دۈشمەنلەردىنمۇ تەلىم ئالىمەن. بەزىدە خاتا ئىش قىلىپ قويسام دوستلىرىم ماڭا كۆيۈنۈپ قەستەن چاپان ياپىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ پەرۋا قىلماي شۇ بويىچە ئۆتكۈزۈۋېتىمەن. ئەمما دۈشمەنلىرىم ئۇنى ئەتەي ئەلگە يايىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خاتالىقىمنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىپ تۈزىتىمەن ھەم ئۇنىڭدىن ساقلىنىمەن. شۇڭا، مەن دوستلىرىمدىنلا ئەمەس، بەلكى دۈشمەنلىرىمدىنمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالالايمەن». بىلىم ئۆگىنىشمۇ خۇددى مۇشۇنداق. ئاقىل، دانالاردىن ئۆگىنىپلا قالماي، دۆتلەردىنمۇ ئۆگىنىش كېرەك.

مەيلى سەن كاتتا شەخسلەردىن بولغىن ياكى ئادەتتىكى ئادەم بولغىن، چوقۇم مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېڭىشىڭ كېرەك. چۈنكى، سەن باشقىلار تېخى بىلمەيدىغان نۇرغۇن بىلىملەرنى ئىگىلەپ ئالدىدا ماڭساڭ، كىشىلەر تەبىئىي ھالدا ساڭا بۇ ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدۇ دەپ باشقىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان بولىدۇ.

ئەقىللىق ئادەم ئۆزىنىڭ بىلىم ئىگىلەش ئىقتىدارىنىڭ باشقىلاردىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، تېخىمۇ ھەسسىلەپ تىرىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كەڭ دائىرىدە بىلىم

ئىگىلەپلا قالماي، ماھارەت جەھەتتىمۇ باشقىلاردىن ئۇستۈن تۇرىدۇ. چوڭقۇر بىلىم ۋە كەڭ نەزەر دائىرە سېنى قۇرداشلىرىڭ ئىچىدە غالىبىيەتچىگە ئايلاندۇرىدۇ. كالتە پەم ئادەم قىيتىرقىنىپ بىلىم ئىگىلەشنى مەڭگۈ خۇشاللىققا ئايلاندۇرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قىيتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، جاپالىق مەشىق قىلىشنى تەكىتلەيمىز. ھورۇنلارغا ئۆگەنىشنى مەجبۇرلاش ئىنتايىن زورۇر. خۇددى كىشىلەر ئېيتقاندەك: «ھورۇنلارنىڭ ھورۇنلۇقىدىن جىسمانىيىتىمۇ زەئىپلىشىپ كېتىدۇ». ئېرزىلەڭگۈ سۆرەلمە پالاسلار قۇلاقتا ياقىدىغان ھەق گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى روھلاندۇرۇپ، ئۆز ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنى خالىمايدۇ. ھورۇنلار تىنچ، غەلۋىسىز ياشاشقا رازىكى، باشقىلارغا بويسۇنۇشنى خالىمايدۇ، ئۇلار راھەتكە يۈگۈرۈپ، جاپادىن قاچىدۇ. ئۇلاردا ئېنىق نىشان بولمايدۇ. ھەر قانداق بىر ئىشتا تەشەببۇسكارلىق قىلىشقا ھورۇنلۇق قىلىدۇ. شۇڭا، سەن ھورۇنلۇقنى مەجبۇرىي يېڭىپ، ياخشى نەسىھەتلەرنى ماھىرلىق بىلەن ئاڭلىشىڭ كېرەك، بولمىسا قارا قورساق بولۇپ قالىسەن.

ئەگەر قايتماس ئىرادە بىلەن قىيتىرقىنىپ ئۆگەنسەڭ، ئىككى دۇنيالىق بىلىملەرنى ئىگىلىيەلەيسەن. بىر ئادەمنىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىلىم مەلۇماتى چوڭقۇر، ئەخلاق پەزىلىتى يۈكسەك، كەمتەر، ئېھتىياتچان، پاك، كۆڭلى تۈز، كەم سۆز، مۇلايىم، سەۋرچان، ئار - نومۇسنى بىلىدىغان بولۇش.

نومۇس توغرىسىدا: «ئېيتقادقا ئىگە كىشىلەرلا نومۇس قىلىشنى بىلىدۇ» دېگەن ھېكمەت بار. شۇنداق ئىكەن، نومۇس قىلىش نۇرغۇن سورۇنلاردا بىر ئادەمنى سىنايدىغان قاتتىق سىناق. ئاۋادا ئۇيۇلۇش سەۋەبىدىن بەزى مۇھىم خىزمەتلەرنى ئۇڭۇشلۇق ئېلىپ بارالمىغاندا، ئۇيۇلۇشتىن ۋاز كېچىش كېرەك. ئەمما، بەزى سورۇنلاردا، نومۇسسىزلىق مەلۇم مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قالسا، ئوبرازىڭغا نۇقسان يەتكۈزۈپ قويىدۇ. قەبىھ تىللار بىلەن تىللاش، بېخىل، شەپقەتسىز، بىمەنە سەپسەتە قاتارلىقلاردىن ئۇيۇلۇش، گۈزەل سۆز - ھەرىكەتلەردىن چەتلىمەسلىك كېرەك. ھالبۇكى، نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ رەزىل مەقسەتلىرى ئۈچۈن نومۇسسىزلىقتىن قەتئىي يانمايدۇ. ھايا خۇددى ئېتقاددىن ئايرىدە بولغاندەك، پاكلىقمۇ نومۇسنى بىلىشتىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شۇنى چۈشىنىش كېرەككى، نومۇس قىلىش بىلەن نومۇسسىزلىقنىڭ ئارىلىقى ئانچە بەك يىراق بولمىسىمۇ، ئەمما چەك - چېگرىسى ناھايىتى ئېنىق ئايرىلغان بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، نومۇس قىلىش ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى بولسا، نومۇسسىزلىق قەبىھلىكنىڭ باشلىنىشى.

ھەرگىز ئەقىلسىز ئادەملەرنى نورمال ئادەم، مەنمەنچى (ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان) «ئاقىل»لارنى ئالىم، دۆت، پاراسەتسىز زاھىتلارنى راھىب دەپ قارىما. دۆت ئادەملەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولما، بولۇپمۇ ئۆزىنى بىلىملىك، ماھارەتلىك دەپ ھېسابلايدىغان تەلۋىلەرگە پىسەنت قىلما.

ئۆزۈڭنى ھەرگىز ئەقىللىق، دانا سانىما. مەلۇماتلىق، ئىقتىدار ئىگىلىرىنى كۆپرەك ئۇستاز تۇت. ئۇلار بىلەن كۆپرەك ھەمسۆھبەتتە بولساڭ، چوقۇم ناھايىتى كۆپ مەنپەئەتكە ئېرىشىسەن. بۇمۇ خۇددى بىراسىيە ئورۇقىدىن ماي، ئەتىرگۈل بىلەن رەيھان گۈلىنى ئىسلاپ خۇشبۇي پۇراق چىقارغاندەكلا بىر ئىش. سەن بىلىملىك، مەلۇماتلىق كىشىلەر بىلەن كۆپرەك بىللە بولساڭ پىشىپ يېتىلىسەن.

باشقىلارنىڭ خەيرخاھلىقىغا ھەشقاللا ئېيتىشىڭ، ھەرگىز ۋاپاغا جاپا قىلماسلىقىڭ كېرەك. سەندىن مەدەت تەلىگەنلەرنى ھەرگىز ھاقارەتلىمە. چۈنكى، ئۇلار سەندىن «مەدەت تىلىگەن»لىكى ئۈچۈن قاتتىق ئازابلىنىدۇ. پەزىلەتلىك، ئەخلاقلىق، سىپايە بول، قەبىھ ئادەتلەرنى ھەرگىز ئۆزۈڭگە يۇقتۇرما، باشقىلارغا يامانلىق قىلما، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ھەمىشە ئۆزىگە زىيان سېلىش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ، ئۇ ئادەمنى يېتىم قالدۇرىدۇ، رەزىللىك يېتىم قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

سەن تىرىشىپ كىشىلەرنىڭ ئالقىشىنى قولغا كەلتۈر، يامان نىيەتلىك قۇرۇق ماختاشلاردىن خالىي بول، چۈنكى چاكىنا ماختاشلار سېنىڭ نادىرلىقىڭنى چۆكتۈرۈۋېتىدۇ.

يېقىندا «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشردىن چىقىدىغان «خۇلقنامە» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

شۆھرەت مۇھەممەدى تەرجىمىسى (ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىن)



# «يۇسۇپ ـ زۇلەيخا» قىسسەسى ئىپادىلىگەن گۈزەللىك قاراشلىرى

رەيھانگۈل ئېلى

مەيلى ئاغزاكى ئەدەبىياتتا بولسۇن، مەيلى يازما ئەدەبىياتتا بولسۇن، خەلقنىڭ ئېستېتىك ئىدىيىسى شۇ مىللەتنىڭ تارىخىي مۇساپىسىگە زىچ باغلانغان ھالدا ئەكس ئېتىدۇ. بۇ ئىدىيە كلاسسىك ئەدەبىياتتا مۇھەببەت تېمىسىغا مۇراجىئەت قىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئىنسان گۈزەللىك خاھىشلىرىنى، يەنى ئىلغار دېموكراتىك، خەلقچىللىق ئىدىيىلىرىنى ئىپادىلەپ كەلدى. ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي قىياپىتىنى ئېچىپ بېرىشتە مۇھەببەتنى ۋاستە قىلىپ خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى ئەزگۈچىلەرگە بولغان قارشىلىقىنى، فېئوداللىزمغا قارشى غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئۆتكۈر قەلىمى ئاستىدا ئۇستىلىق بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، چىن ئىنسانىي مۇھەببەت، ھەقىقىي مېھنەت، سەممىي ساداقەت، ۋاپادارلىق، ئەركىنلىكنى تەلەپ قىلىشتەك تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلىدى. بۇ بىر تەرەپتىن، ئىنسانلارنىڭ تۇرلۇك دىسخىك ھالىتىنىڭ ئەينىكى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ ئۆز دەۋر رېئاللىقىغا بولغان ئىنكاسىدۇر.

بولۇپمۇ، ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر نامايەندىلىرى ئىجادىيەتلىرىدە رومانتىزم، رېئالىزم، سىمۋولىزم قاتارلىق ئىجادىيەت مېتودلىرىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىنىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. مۇھەببەتنىڭ قانداق ئىپادىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش كلاسسىكلىرىمىزنىڭ دۇنيا قارىشىنى بىلىشتە ئىنتايىن مۇھىم.

«قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرى بىلەن ئۇيغۇر روماندىچىلىق تارىخىغا مەزمۇت ئۇل قويغان، لىرىك رومانتىك يازغۇچى نەسىرىددىن رابغۇزى ئۆزىنىڭ «يۇسۇپ ـ زۇلەيخا» ناملىق قىسسىسىدە مۇھەببەت تېمىسىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىپادىلىگەن.

«يۇسۇپ ـ زۇلەيخا» قىسسىسى «قىسسەسۇل ئەنبىيا»غا كىرگۈزۈلگەن ئەڭ ياخشى يېزىلغان ھېكايە بولۇپ، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىغا، بولۇپمۇ شەرق مۇسۇلمانلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭدا قەدىمكى زامانغا ئائىت ۋەقەلەر، پەيغەمبەرلەرنىڭ تەرجىمھالى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل نەمۇنىلىرى ئۆرنەك قىلىنىپ مۇئەللىپنىڭ پەلسەپىۋى ئىجتىمائىي قاراشلىرى ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك توغرىسىدىكى ئېستېتىك قاراشلىرىمۇ ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن.

بىز «يۇسۇپ ـ زۇلەيخا» قىسسىسىگە قارايدىغان بولساق

باھار مەنزىرىسىنىڭ سېھىرلىك كۆرۈنۈشى كىشى قەلبىنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىدۇ. بۇ مەنزىرە تەسۋىرى تەسىرلىك ۋە جانلىق بېرىلگەن بولۇپ، تەسۋىرلىنىدىغان پېرسوناژنىڭ روھىي ھالىتىگە، كېيىنكى قىسمەتلىرىنىڭ ئاقىۋىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن.

چېچەكلەر ئېچىلىپ، بۇلبۇللار سايرىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە بىر كۈنى ئۇلار ئاتىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ شۇنداق دېيىشتى:

— «ئى پۈتۈن جاھان ئەھلىنىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقى بولغان ئاتا، جاھان قۇياشى ھۇت قىشلىقىدىن ھەمەل يايلىقىغا كۆچۈپ باردى. ئۇنىڭغا سۆيۈنگەنلىكىدىن باھار يامغۇرى يېغىپ ئالەم سەدەپلىرىگە جاۋاھىرلار چاچتى، جاڭگاللاردىكى يېشىل ئوت- چۆپلەر ئۆز قەددى- قامىتىنى تۈزمەكتە، پۈتۈن جاھاندىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غۇنچە گۈللىرىگە باھار ھىدى يەتكەنلىكتىن، ئۇلار خۇددى گۈلگە ئوخشاش تەبەسسۇم قىلماقتا. چىمەنلەردىكى بۇلبۇللار يۈز مىڭ تۈرلۈك نەغمە- ناۋا بىلەن ساز چېلىشماقتا. پەلەك بولسا كۆك كېيىملەر كىيىپ، ئۇسسۇل ئوينىماقتا. دېمەك، ئۆلۈك يەر تىرىلدى ۋە يېشىل تون كىيدى. يۈسۈپنى بىزگە قوشۇپ بەرسىڭىز ئېلىپ بارساق، ئۇنىڭمۇ قەلبى يايراپ شادىمان بولۇپ كۆڭلى ئېچىلسۇن، قويلارنىڭ قوزىسى، تۆگىلەرنىڭ بوتىلىقىنى مىنىپ ئوينىسۇن».

گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن بۇ پارچىدا ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ پېشىۋاسى رابغۇزى ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىككە مەھلىيا بولۇشى، گۈزەللىكتىن بەھىر ئېلىشى، گۈزەللىكتىن سۆيۈنۈشى، گۈزەللىككە ئىنتىلىشى، گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلىنىشى، گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئىختىرا قىلىش پسىخىكىسى ئاساسىدا بۇ گۈزەل مەنزىرىنى ناھايىتى مۇۋاپىق تەسۋىرلەپ، كىتابخانلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان چوڭقۇر ھېس ھاياجىنىنى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن قوزغاپ، ئىختىيارسىز ھالدا كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدۇ. بۇ تەسۋىرلەرنى ئوقۇغان ھەر بىر كىتابخاننىڭ كۆز ئالدىدا ئۇستىلىق بىلەن سىزىلغان بىر پارچە قوي- قوزىلار يايلاۋاتقان تەبىئەت مەنزىرىسى سۈرىتى نامايان بولىدۇ.

قىسسەدە تەبىئەت گۈزەللىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلىشتىن سىرت، ئاپتور تەبىئەت قوينىدا يېتىلگەن ئىجتىمائىي گۈزەللىكلەرنى قېزىپ چىقىشقا ئالاھىدە كۈچ چىقارغان. جەمئىيەتتىكى خۇنۈكلۈكلەرنى، سەتلىكلەرنى پاش قىلىش مەقسىتىدە بارلىق ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ يادروسى بولغان ئىنسان ۋە ئىنسان گۈزەللىكىنى نامايان قىلىشتا، ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى گۈزەللىك قاراشلىرىنى يۈسۈپتىن ئىبارەت ئىجابىي پېرسوناژنىڭ بىر پۈتۈن پائالىيىتىگە، مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ يورۇتۇپ بەرگەن.

پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ جانلىق يارىتىلىشى كىتابخانلارنى شۇ دەۋر شارائىتىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ بىر پۈتۈن ھايات مۇساپىسىگە تەبىئىي ھالدا باشلاپ كىرىدۇ.

«يۈسۈپ ـ زۇلەيخا» قىسسىسىدە يۈسۈپ ئوبرازى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تاشقى گۈزەللىكى، ھەرىكىتى، پسىخىك روھىي ھالىتى قاتارلىقلاردىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىنسانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك پۈتكۈل ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنى كۆرەلەيمىز. شۇنداقلا، يۈسۈپنىڭ خاراكتېرىنى روشەنلەشتۈرۈشتە تەسۋىرلەنگەن يۈسۈپنىڭ چىراي گۈزەللىكىدىن زوقلىنىدۇ.

ئاپتور يۈسۈپ ئوبرازىنى يارىتىشتا ئۇنىڭ ھۆسن- جامالىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. يەنى ئەسەرنىڭ بېشىدا:

«يۈسۈپ شۇنچىلىك چىرايلىقكى، ئۇ قۇياش بىلەن روبىرو تۇرسا، قۇياش خىجىل بولۇپ تاغ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالاتتى».

«مىسىردا يەتتە يىل قەھەتچىلىك بولدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامدىمۇ ئاشلىق قالمىغان چاغدا كىشىلەر ‹ئاھ، نان، ئاھ نان› دېيىشىپ جان بېرىشكە باشلىدى. ئەنە شۇ چاغدا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام پۈتۈن جاھاندا بىردىنبىر گۈزەل بولغان جامالىنى خەلققە كۆرسەتتى، ئاللا تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن خەلق تۆت ئايغىچە يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالىغا قاراپ بىھوش بولۇپ، تائام يېمىسىمۇ، تائام يېگەندەك قورساقى توق يۈرۈشتى» دەپ يۈسۈپنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكىنى تەرىپلەپ بەرگەن.

ئاپتور ئەسەردە چىراي گۈزەللىكى بىلەن قەلب گۈزەللىكىنىڭ بىرلىكى ئىنسانلارنى تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ سۆيۈملۈك كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويغان. ئادەمنىڭ گۈزەللىكىگە ئىنچىكىلەپ قارايدىغان بولساق، قەددى- قامەتنىڭ گۈزەللىكى چىرايىنىڭ گۈزەللىكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ گۈزەللىكى قەددى- قامەتنىڭ گۈزەللىكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. يۈسۈپ قەلبىنىڭ گۈزەللىكى ئىنسانىي ئالىيجاناب پەزىلىتىدە ئەيادىلىنىدۇ. يۈسۈپ گۈزەللىكتە تەڭدىشى بولمايلا قالماي، ئۇ چىن مۇھەببەت ئىگىسى، ئۇنىڭدىكى پاكلىق ۋە ساپ ۋىجدان ئۇنىڭغا تېخىمۇ گۈزەللىك بېغىشلايدۇ. ئاپتورنىڭ ئىنسان پاكلىقى ھەققىدىكى كۆز قارىشى كېيىنكى شائىرلىرىمىزنىڭ مۇنۇ بىر كۇپلېت شېئىرىدا تېخىمۇ ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن.

ئاققۇ گۈزەل ئاقلىقى بىلەن،  
ھەسەل شېرىن تاتلىقى بىلەن.  
ئالتۇن قىممەت ساپلىقى بىلەن،  
ئادەم گۈزەل پاكلىقى بىلەن.

دېمەك، يۈسۈپنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەنە شۇ يۈكسەك پاكلىق مۇجەسسەمدۇر. ئۇ ئۆزىنى شۇ قەدەر پاك تۇتىدۇكى، زۇلەيخانىڭ ئوتتەك مۇھەببىتى، يۈرەكنى ئەزگۈدەك ھەسرەتلىك نىدالىرى، شېرىن تەكەللۇپلىرى ئۇنى ئازدۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. زۇلەيخانىڭ تۈرلۈك چارىلىرىگە ھەتتا زىندانغا تاشلاپ ستەم سىلىشلىرىغا قىلچە پەرۋا قىلماي ئۇنىڭغا قاراشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ. بۇ

2006.3

ئەھۋال يۇسۇپنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت تۇيغۇسىنىڭ يوقلۇقىدىن بولماستىن، زۇلەيخا ئۇنىڭغا قانچىلىك مۇھەببىتى بىلەن بېرىلمىسۇن ئۇ باشقا بىرسىنىڭ ئەمرىدىكى ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن زۇلەيخانىڭ ئۆزىگە قانچىكى تەشنا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزىنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

قىسسىدىكى بايانلاردىن گۈزەللىك ۋە ئۇنىڭ ئامىللىرىنى قەلب خەزىنىسىگە تولدۇرغان يۇسۇپنىڭ پاك ۋە ساپ ۋىجدانىنى كۆرەلەيمىز:

زۇلەيخانىڭ كۈندىن كۈنگە ئىشقى غالىب كەلدى. يۇسۇپ بولمىسا بىر لوقما تائام، ياكى بىر قەترە سۇ ئۇنىڭ گېلىدىن ئۆتمەيتتى.

—ئەي يۇسۇپ،—دېدى بىر كۈنى زۇلەيخا،—بىر قانچە يىلدىن بۇيان سېنىڭ كويۇڭدا ھالىمنىڭ قانداق زەئىپ بولغانلىقىنى زادى بىلمەمسەن؟

—سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكى خىيالىڭنى مەن نېمە بىلەي؟—دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.

—مەندە سېنىڭ مۇھەببىتىڭدىن باشقا نەرسە يوق. يەتتە يېشىمدا چۈشۈمگە كىرگەن ئىدىڭ، شۇنىڭدىن بېرى ئوتىڭدا كۆيىمەن...

— ماڭا مۇھەببەت قىلغۇچە،— دېدى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام،— ئېرىڭ ئەزىزى مىسىرگە مۇھەببەت قىلغىنىڭ ياخشى، ماڭا پاكلىق پايدا بېرىدۇ.

بۇ مىسالدىن بىز مۇھەببەتتە پاكلىق، سەممىيلىك ۋە ساداقەتمەنلىكتىن ئىبارەت روھنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىمىز.

ئەسەردە يۇسۇپنىڭ ئۆزىنى پاك تۇتۇشى، ساپ ۋىجدان بىلەن ياشاش ئىرادىسى قاتارلىق جەريانلاردا ئۇنىڭ يەنە بىر قانچە تەرەپلەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك ئىنسانىي گۈزەل پەزىلەتلىرى ئىپادىلىنىدۇ.

1. ئەپۇچانلىق

بۇ قىسسىدە يۇسۇپنىڭ ئۆزىگە دۈشمەنلىك قىلغانلارنى ئەپۇ قىلىشى ناھايىتى تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن. ئەپۇچانلىقنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتى ئىكەنلىكى، تۆھمەتخورلارغا نىسبەتەن بىر ئۆمۈر ئىنتىقام ئېلىش، ئاداۋەت ساقلاش ئەمەس، ئەكسىچە، يامانلىققا ياخشىلىق قىلىشتەك ئالىيجاناب روھى ئارقىلىق ئۆز دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىش، دۈشمەنلىك ئوتىنى مورۇۋەت سۈيى بىلەن ئۆچۈرۈش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەسەردە يۇسۇپ ئۆزىنى قاتتىق قىينىغان ئەپلەت ئىسمىلىك قۇلنىڭ بىئەدەپلىكىنى ئەپۇ قىلىپ قاراڭغۇلۇق بىلەن تىقىلغان زېمىنىي كۆلكىسى بىلەن يورۇتىدۇ. يۇسۇپنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدە بولغان، كېيىن قۇل ئورنىدا سېتىۋېتىشتىن باش تارتمىغان ئاكىلىرى ئاخىر موھتاجلىق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارغاندا يۇسۇپ ئۇنىڭدىن ئۆز ھىممىتىنى زادىلا ئايىمايدۇ. ئۆچ ـ ئاداۋەت ئىنتىقام دېگەنلەرنى قىلچە يادىغا كەلتۈرمەيدۇ. بەلكى ئۆزىنىڭ ئالىيجانابلىقى بىلەن ئۇلارنى خىجالەتتە قالدۇرىدۇ. زۇلەيخانىڭ بارلىق ھاياسىز قىلمىشلىرىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىدۇ. كەچۈرۈم قىلغاندا ئاچچىقلىنىپ ئەمەس، بەلكى سىلىق نەسىھەت تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدۇ. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ يەنە رەھىمدىل، كەڭ قورساق، ئاداۋەت ساقلىمايدىغان پەزىلىتى ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئاكىلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىۋېتەلمىسىمۇ ئۇلارنىڭ ئاچ ـ زار قالغان بالا ـ چاقىلىرىنى ئويلاپ ئۇلارغا رەھمى كېلىدۇ ۋە كۆڭلىنى كەڭ تۇتۇپ ھەقىقىي قېرىنداشلىق مېھىر ـ شەپقىتىنى ياغدۇرىدۇ.

2. ئاپتور غەيۋەت ـ شىكايەت قىلماسلىقنىڭ كىشىنى ھەرتۇۋىگە، يۈز ـ ئابرۇيغا، ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىدىغانلىقىنى يۇسۇپ خاراكتېرىدە تېخىمۇ روشەن يورۇتۇپ بەرگەن. تۆۋەندىكى دىئالوگدا يۇسۇپنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالىيجاناب خىسلىتى نامايان بولىدۇ.

ئاكىلىرى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ خىجالەتتىن بېشىنى سالغان ھالدا:

—ئى، يۇسۇپ، بىزنىڭ بۇرۇنقى گۇناھىمىزنى كەچۈرگەيسىز، سىزگە ئاللا تائاللا مەرتىۋە ئاتا قىپتۇ. سىزنى بىزدىن ئەزىز قىلىپتۇ، بىز خاتا قىلغۇچىلاردىن بىز—دېيىشتى.

—ئى، ئاكىلىرىم، مېنىڭ سىلەرگە يامانلىقىم يوق، ئاللاتائاللا سىلەرنى مەغپىرەت قىلغاي،—دېدى يۇسۇپ،— مەن سىلەر توغرۇلۇق ھېچ كىشىگە شىكايەت قىلمىدىم، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قىلمايمەن، ھەقتائالادىن سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى تىلەيمەن.

—ئى ئەزىز، بىز سىزنىڭ ئالدىڭىزدا شەرمەندىمىز، سىزنىڭ يۈزىڭىزگە قارىيالمايمىز،—دېيىشتى ئاكىلىرى.

3. راستچىللىق

«يۇسۇپ ـ زۇلەيخا» قىسسىسىنىڭ بېشىدىلا «بۇ قىسسە راست سۆزلىگۈچى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەقەلىرىدۇر. بۇ قىسسە بارلىق قىسسەلەرنىڭ ياخشىراقىدۇر» دەپ بايان قىلىنىپ، يۇسۇپ ۋۇجۇدىدىكى راستچىللىقتىن بېشارەت بەرگەن. چىنلىق گۈزەللىكنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى بولۇپ ئادەمنىڭ پەزىلىتى ئىچىدىكى چىنلىق راستچىللىقتىن ئىبارەت. ئەسەردە يۇسۇپ راست سۆزلۈكى بىلەن، نۇرغۇن تۆھمەت، يالغان ياۋىداقلاردىن غالىب كېلىدۇ. راست سۆزلەشنىڭ پايدىسى تىلغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭ شاپائىتىدىن ئادەم تىلىگەن نەرسىگە يېتىدىغانلىقى، ئالدامچىلىق، يالغانچىلىقنىڭ بىر خىل خۇنۇكلۈك، چاكىنىلىق، ئەخلاقسىزلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى مەغلۇبىيەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

راستچىللىقنىڭ ئۇلۇغلۇقى شۇ يەردىكى، زۇلەيخانىڭ شۇنچە يىل تارتقان ھىجران ئازابلىرى يۇسۇپنىڭ ئالدىدا راست سۆزلىگەنلىكى بىلەن يۇسۇپتە مېھرىبانلىق بىخلىرىنى ئۈندۈرىدۇ. يۇسۇپنىڭ راست سۆزلۈكى، ئۆزى ئۈستىدە قەتئىي شىكايەت

قىلماسلىقى زۇلەيخانىڭ مۇھەببىتىنى ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك ئۇلغايتىدۇ.

رەبغۇزى ئەسەردە شەيتاندىن ئىبارەت ئوبرازنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، رېئاللىقتا يالغانچىلىق بىلەن راستچىللىقنىڭ، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ، چىنلىق بىلەن ساختىلىقنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى، ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسى گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوبدان پەرقلەندۈرمىسە، كىشىلىك ھايات مۇساپىلىرىدە كۆپلىگەن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراشتىن خالىي بولالمايدىغانلىقىنى، خۇنۇكلۇكنىڭ سىمۋولىنى شەيتان ئوبرازى ئارقىلىق ناھايىتى روشەن كۆرسىتىپ بەرگەن.

4. سەۋر ـ تاقەتلىك بولماقلىق

ئاپتور بۇ قىسسەدە يەنە ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق، ئۈمىدۋار بولۇش، سەۋر تاقەتلىك بىلەن چىدام، غەيرەت ـ شىجائەت، ئىرادىلىك بولۇشنىڭ ئاخىر كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكۈزىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئۈمىدۋارلىق ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئالدىراقسانلىقنىڭ غەلىبە قىلىشنىڭ كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىشنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى يۇسۇپ ئوبرازى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. يۇسۇپ ئەنە شۇ سەۋر ـ تاقەتنىڭ ئىجراچىسى سۈپىتىدە ئالتە يىلنى زىنداندا ئۆتكۈزىدۇ. ئاتا ـ بالا ئۇزاق يىللارغىچە ھىجران دېڭىزىنىڭ دەھشەتلىك دولقۇنلىرىدا قاتتىق ئازابلىنىدۇ. قوش قەلب، قوش كۆزلەردىن ئاققان ھىجران ياشلىرى ئۈمىد قىرغاقلىرى بىلەن سەۋر ـ قانائەت ئاراللىرىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ ئاخىر ئۇلارنى ۋىسال بېغىدا ئۇچراشتۇرىدۇ.

5. سېخىيلىق

يۇسۇپنىڭ خاراكتېرىدىكى سېخىيلىق، مەردلىك يۇسۇپكە تېخىمۇ گۈزەللىك ئاتا قىلغان. ئۇ پۈتۈن مىسىر خەلقىنى ئۆزىگە ملىك قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن بەرگەن نۇرغۇن بايلىقنى ئازراقمۇ ئۆزىپراتماي ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇلارنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىدۇ. ئۆزى زىنداندىن چىققاندا بولسا، ئۇ پادىشاھتىن سېخىيلىق تەلەپ قىلىپ باشقا ھەمنەپەسلىرىنىمۇ ئەركىنلىككە چىقىرىدۇ.

6. ۋەتەنپەرۋەرلىك

يۇسۇپ يەنە قىزغىن ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ تىمسالى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقىمىز ئارىسىدا ساقلىنىپ تىلغا ئېلىنىپ كەلمەكتە. چۈنكى، يۇسۇپكە باشقا يۇرتنىڭ نېمەتلىرى، ئارامگاھلىرى قەدىرسىز بىلىندۇ. ئاپتور يۇسۇپنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى تۆۋەندىكى دىئالوگقا مەركەزلەشتۈرگەن.

زۇلەيخانىڭ بىر چار بېغى بار ئىدى. بىر كۈنى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى چاقىرىپ كېلىپ:

—مۇشۇنداق چارباغدا تاماشا قىلساڭچۇ يۇسۇپ—دېدى.

—مېنىڭ چاربېغىم كەنئاندا قالدى،ـ دېدى يۇسۇپ،—ماڭا ئۇنىڭدىن باشقا چارباغ، تەختۇ ـ بەخت كېرەك ئەمەس.

قىسسىدىن كەلتۈرۈلگەن بۇ پارچىدىن يۇسۇپنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى كۆرۈۋالالايمىز. يۇسۇپ ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە، فولكلورىمىزدىكى «مىسىرنىڭ پادىشاھلىقىدىن، كەنئاننىڭ گادايلىقى ياخشى» دېگەن ماقال بارلىققا كەلگەن.

7. خەلقچىللىق

«يىڭنە كىيىم تىكىدۇ، ئەمما ئۆزى يالىڭاچ قالىدۇ. چىراغ ئۆزى كۆيۈپ تۈگەيدۇ، ئەمما باشقىلارغا يورۇقلۇق بېرىدۇ».

«قىسسەسۇل ئەنبىيا»دا بۇ ھېكمەتلەر ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىدە ئىپادىلەنگەن. يىڭنە ۋە چىراغ روھى كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي قاراشلىرىنىڭ تۈپ يىلتىزى بولغان خەلقچىللىق روھىدىن ئىبارەت. دەرۋەقە، ئەسەر قەھرىمانى يۇسۇپمۇ ئەنە شۇ يىڭنە ۋە چىراغقا ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ كارامىتى بىلەن باشقىلارنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتىدۇ. ئۆزى بولسا ھەرقانداق جاپا تارتىشقا رازى بولىدۇ. ئۇ ھەردائىم خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، ئۇلارغا بارلىقىنى ئاتايدۇ.

ئاپتور ئەسەردە يۇقىرىقىدەك پەزىلەتلەرنى يۇسۇپنىڭ خاراكتېرىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى سىر ساقلاشتىن ئىبارەت پەزىلەتنىمۇ گۈزەللىكنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بۆرىدىن:

—ئى بۆرە، يۇسۇپۇمدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟—دەپ سورىدى.

—ئى ياقۇپ، جەبرائىل ئەلەيھىسسالامدىن سورىمىدىڭمۇ؟

—سورىدىم، جاۋاب بەرمىدى.

—جەبرائىل ئەلەيھىسسالام سىرنى ئاچمىغان بولسا، بۇ سىرنى مەنمۇ ئاشكارا قىلمايمەن. بۇنى ئېيتسام چىقىمچىلاردىن بولۇپ قالىمەن،—دېدى بۆرە.

بۆرىنىڭ جاۋابكارلىقى توغرىسىدىكى بۇ دىئالوگدا چېقىمچىلىقنىڭ ئىنتىپاقلىق، ئىناقلىققا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدىغان ناچار ئىللەت ئىكەنلىكى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يۇسۇپ ئۆز چۈشىنىڭ سىرىنى ساقلىيالماسلىقى سەۋەبىدىن ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قۇل قىلىپ سېتىلىشتەك قىسمەتكە دۇچار بولدى. بىز بۇنىڭدىن سىر ساقلىيالماسلىقنىڭ كىشىگە ئېغىر ئازاب ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىش بىلەن بىرگە، «يۈت يۈگۈرۈكى ئاشقا، ئېغىز يۈگۈرۈكى باشقا» دېگەن ماقالنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلىپ يېتىمىز.

ئاپتور ئەسەردە يەنە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىنىڭ يادروسى بولغان ياخشىلىق ۋە ئەمگەكچانلىقنى يورۇتۇپ، ياخشىلىقنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدىغانلىقىنى

ئەكس ئەتتۈردى. يەنى ئەسەردىكى پەرىشتە ئوبرازى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. كونكرېتراق قىلغاندا، ئادەم ھامان ئۆلۈپ كېتىدۇ. جىسمى تۇپراققا ئايلىنىدۇ. بىراق بىرلا خۇدا، پەرىشتە قاتارلىقلار ئۆلمەيدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئەسەردىكى پەرىشتە دەل ئىنسانلار ئىدىيىسىدىكى ياخشىلىقنىڭ سىمۋوللاشتۇرۇلۇشى بولۇپ، ياخشىلىقنىڭ مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى ئىپادىلىگەن، پەرىشتىلەر ھامان يۈسۈپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ياردەم بېرىدۇ. توغرا يول كۆرسىتىدۇ. غايىۋى پېرسوناژلارمۇ رېئاللىقنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى ئىنكاسى بولغانلىقتىن ئىنسانىي گۈزەللىكنىڭ بىر تەرىپى بولغان ياخشىلىق قىلماقلىقنى پەرىشتىلەردە مۇجەسسەملەشتۈرگەن، دەپ قاراش ئەقىلگە مۇۋاپىق.

ئاپتور يۇقىرىقىدەك ئالىيجانابلىقلارنى يۈسۈپ خاراكتېرىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، قەلب گۈزەللىكىنى خېلى ئەتراپلىق تەسۋىرلەپ بەرگەن. شۇنداقلا، يۈسۈپنىڭ پاك، ئالىيجاناب، سەممىي خاراكتېرىنى يورۇتۇشتا زۇلەيخانىڭ مۇھەببەت سىرگۈزەشتىلىرىنى مۇھىم دېتال قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي گۈزەللىك قارىشىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرگەن. بىز بىر پۈتۈن ئەسەر سۈژىتىدىن يۈسۈپنىڭ ئىنسانىي ئالىيجانابلىقىنىڭ ھەممە تەرىپى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان مۇكەممەل پېرسوناژ ئىكەنلىكىدىن سۆيۈنىمىز. شۇنىڭدەك بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا يۈسۈپنىڭ ئوبرازى ئالاھىدە گەۋدىلىنىش بىلەن بىرگە، يۈسۈپنىڭ مۇھەببىتىدە ھىجران ئازابى تارتقۇاتقان زۇلەيخا ئوبرازىمۇ ئالاھىدە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ.

زۇلەيخانىڭ يۈسۈپنىڭ ئىشقىدا سەۋدايى بولۇشى، ئۇنىڭ مۇھەببەتكە ئېرىشىش يولىدىكى قىلمىشلىرى ئىجتىمائىي گۈزەللىككە يات بولغان، ئاياللار ئەخلاقىغا زىت بولغان ئىش، چېكىدىن ئاشقان ھاياسىزلىقتىن ئىبارەت. ئىسلام دىنى شارائىتىدا زۇلەيخانىڭ قىلمىشى ئەخلاقسىزلىق ھېسابلانغاچقا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەپرىتىنى قوزغايدۇ. جەمئىيەت تەرىپىدىن كەمسىتىلىدۇ. ھەتتا يۈسۈپنىڭمۇ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ. چۈنكى، ئۇ يەنىلا ۋەزىرنىڭ ئايالى. مەيلى ئۇ قانچىلىك دەرىجىدە ئازاب تارتمىسۇن ئەرنىڭ ئىلكىدىكى ئايالنىڭ باشقا بىرىگە مۇھەببەت قويۇشى—بۇ، ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئەخلاقىغىمۇ، شۇنداقلا بۇگۈنكى دەۋردىكى ئائىلە ئەخلاقىغىمۇ زىت. زۇلەيخانىڭ يۇقىرىقى قىلمىشى يۈسۈپتىن ئىبارەت ئىجابىي ئوبرازنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇنداقتا، زۇلەيخانىڭ ئاخىرىدا يەنىلا يۈسۈپ بىلەن توي قىلىشچۇ، بۇ كىتابخانلارنى ھامان ئويغا سالماي قالمايدۇ. ئۇ چاغدا زۇلەيخا مىسىر ۋەزىرىنىڭ ئايالى ئەمەسمۇ؟ دېگەن زىددىيەت تۇغۇلىدۇ. ئەسەردە ئاپتورنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىپادىلەيدىغىنى زۇلەيخانىڭ يۈسۈپنىڭ ۋىسالىغا يېتىش جەريانى ئارقىلىق مۇھەببەتتە ئىپادىلىنىشكە تېگىشلىك بولغان ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ روشەن يورۇتۇپ بېرىشتىن ئىبارەت. يەنى، زۇلەيخا بىلەن يۈسۈپنىڭ مۇھەببەت جەريانىنى تەپسىلىي يېزىش ئارقىلىق ئاپتور ئۆزىنىڭ مۇھەببەت قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چىن مۇھەببەتتە بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەللىك ئامىللىرى ئارقىلىق يۈسۈپ بىلەن زۇلەيخا ئوبرازىنى ئاجايىپ يارقىن تىل بىلەن تەسۋىرلەپ پاكلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، سەممىيلىكنى تەۋسىيە قىلىپ، ساداقەت، مېھىر ـ ۋاپا، ياخشىلىق، چىنلىق، مېھنەت ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇھەببەتنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن بىرلەشتۈرگەن چاغدا مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي كامالىغا يېتىدىغانلىقىدەك ئىدىيىنى ئىپادىلىگەن.

ئاپتور يەنە قېرىنداشلىق مېھر ـ مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بۆرىنىڭ ئۆز قېرىندىشى ئۈچۈن قانچىلىك رىيازەت چەككەنلىكىدەك ۋەقەلىكلەردە ئىپادىلەپ ئۇنى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتكە سېلىشتۇرما قىلغان. شۇنىڭدەك يۈسۈپ ئوبرازىنى سۈرەتلەش جەريانىدا كىشىلەرنى ھاكاۋۇر بولماسلىققا، ئۆزىگە تەمەننا قويۇشتىن ساقلىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ. تەكەببۇرلۇق ۋە ئۆزىگە تەمەننا قويۇشنىڭ ئىنسان ئۈچۈن نەقەدەر يامان دۈشمەن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، كىشىلەرنى كەمتەر بولۇشقا تەۋسىيە قىلىدۇ. يۈسۈپنىڭ ئۆز جامالىغا تەمەننا قويۇپ 18 پۇچەك پۇلغا سېتىلىشتىن ئىبارەت تەپسىلات كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ھاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇقنى تەنقىد قىلىشىدىكى بىر مۇھىم تېمىسىدۇر.

ئومۇملاشتۇرغاندا، «يۈسۈپ ـ زۇلەيخا» قىسسىسىدىكى مۇھەببەت تەسۋىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن گۈزەللىك قاراشلىرى ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ مۇھىم تەرىپى سۈپىتىدە كېيىنكى كلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ۋە تەسىر قوزغىغان. مۇھەببەت ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىنسانىي خىسلەتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشى ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان.


پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:

1. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن «قاتلاملىق ئېستېتىكا».
2. ۋاھىتجان غوپۇر، ئىسقەر ھۈسەيىن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى».
3. غەيرەتجان ئوسمان تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى».
4. «قىسسەسۇل ئەنبىيا» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل نەشرى.
5. «يۈسۈپ ـ زۇلەيخا» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1982 ـ يىل نەشرى.
6. چېنشىشۇنسكىي «گۈزەللىك تۇرمۇش» رومانى.
7. ئىقبال تۇرسۇن «ھېكمەت ئۈنچىلىرى» ناملىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى.


ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كادىرلار مەكتىپىدە



### خەتەرلىك پەيت

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى دالا سەيلىسىگە چىقىپ، قايتىش يولىدا بىر ئېيىققا يولۇقۇپ قاپتۇ. بەختكە يارىشا بىر ئوۋچى كېلىپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن ئايالى ئېرىگە خاپا بولۇپ:

—ئېيىققا يولۇققاندا نېمىشقا مېنى تاشلاپ كېتىسىز، سىز ئۆلگىرى ماڭا قەسەم قىلىپ مەن ئۈچۈن ئەزرائىل بىلەنمۇ ئېلىشماقچى بولغانتىڭىزغۇ؟—دەپتىكەن، ئېرى ھېچ ئىككىلەنمەيلا:

—لېكىن ئۇ ئەزرائىل ئەمەس، ئېيىقكەن ئەمەسمۇ،—دەپتۇ.

### ئاۋارىچىلىك

بىر كىشى ئەتىگەندىلا ئىشخانا باشلىقىغا تېلېفون ئۇردى:

—باشلىق مەن بۈگۈن كېچىكىپرەك بارىمەن، ئۆيدە ئازراق ئىش چىقىپ قالدى.

—نېمە ئىش؟—دەپتۇ باشلىق سەل خاپا ھالدا.

—ئايالىم 100 يۈەن پۇلنى يىتتۇرۇپ قويۇپتۇ، ھازىر ئىزدەۋاتىدۇ.

—ئۇنداق بولسا سەن نېمىگە تۇرىسەن؟ ئىشقا كەلمەي!

—چۈنكى ئۇ 100 يۈەن مېنىڭ ئاياغ ئاستىمدا ئىدى.

### مەسلىھەت سوراش



بىر چارۋىچى مال دوختۇرىنىڭ يېنىغا بېرىپ مەسلىھەت سوراپتۇ:

—مېنىڭ بىر ئىتىم بار ئىدى، بەزىدە نورمال ماڭىدۇ، بەزىدە ئاقساپ قالىدۇ، بۇنىڭغا قانداق ئامال قىلسام بولار؟

مال دوختۇرى:

—ئۇنداقتا كېيىنكى قېتىم نورمال ماڭغاندا دەرھال سېتىۋېتىڭ،—دەپتۇ.




ئايالى ھاراقكەش ئېرىگە غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ:

—مەن سىزنىڭ بىر كۈندە پەقەت ئىككى رۇمكا ھاراق ئىچىشىڭىزگە يول قويغان، لېكىن سىز دائىم جىق ئىچىۋالىدىكەنسىزغۇ؟

—مەنمۇ ھەيران، مەن بەك كۆپ ئوقۇمىغاچقا، دائىم ھاراق ئىچكەندە خاتا سانىۋالىدىكەنمەن،—دەپتۇ.




### گەپ ۋە قۇلاق

تۆت ياشلىق بالا بەك كەپسىزلىك قىلىپ كېتىپتۇ، مومىسى ئۇنىڭغا تەربىيە قىلىپ:

—بۇنىڭدىن كېيىن سەن چوقۇم موماڭنىڭ، داداڭنىڭ ۋە ئاپاڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىڭ كېرەك،—دەپتۇ.

بالا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ دومسىيىپ:

—موما، مېنىڭ پەقەت ئىككى قۇلىقىم بار تۇرسا، ئۈچىڭلارنىڭ گېپىنى قانداق ئاڭلىيالايمەن؟—دەپتۇ.



* * *




بىر كۈنى بەش ياشلىق ئوغلى دادىسىدىن سوراپتۇ:

—دادا ئاي بەك قالتىس ئىكەن، ھە!

دادىسى قىزىقىپ ئوغلىدىن:

—نېمىشقا؟

—ئاينىڭ يۈرىكى قوياشنىڭكىدىن چوڭكەن.

دادىسى تېخىمۇ ھەيران بولۇپ:

—نېمىشقا؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

—چۈنكى ئاي كەچتە قورقماي چىقىدىكەن ئەمەسمۇ!

2006.3

## خاپا بولۇش



ئايال ئوقۇتقۇچى بىر ئوقۇغۇچىغا ئاچچىقلىنىپ:
ـــ مەن ساڭا ئۈچ كۈنلۈك ئاپا بولۇپ، سېنى تازا بىر باشقۇرۇپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ، ـ دەپتۇ.
ئوقۇغۇچى:
ـــ ناھايىتى ياخشى گەپ بولدى. مەن ھازىرلا بېرىپ دادامغا دەي، دادام چوقۇم قوشۇلىدۇ، ـ دەپتۇ.

* * *




خېرىدار: ـ ئاۋۇ يېشىل شارپا نەچچە يۈەن؟
مال ساتقۇچى: ـــ 85 يۈەن
خېرىدار: ـــ نېمانچە قىممەت؟ 85 يۈەنگە ياخشى بىر جۈپ ئاياغمۇ سېتىۋالغىلى بولىدۇ.
مال ساتقۇچى: ـــ شۇنداق، لېكىن بويىنىڭىزغا بىر جۈپ ئاياغنى ئېسىۋالسىڭىز ياخشى كۆرۈنەمدۇ، بويىنىڭىزنى ئىسسىق تۇتامدۇ؟

## كومپيۇتېرنىڭ ھەيۋىسى

بىر نەشرىيات ئۆرنى كومپيۇتېردىن بىر نەچچىنى سېتىۋاپتۇ. نەچچە ئايدىن كېيىن كومپيۇتېر ساتقۇچى نەشرىياتقا كومپيۇتېرنىڭ نورمال ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى سورىغىلى بېرىپتۇ، كېلىپ قارىسا، كومپيۇتېر تېخى پېچەتى بۇزۇلماي تۇرغان. كومپيۇتېر ساتقۇچى چۈشىنەلمەي سوراپتۇ:
ـــ بۇ كومپيۇتېرنىڭ بىرەر يېرىدە چاتاق بارمىكەن؟
باش مۇھەررىر:
ـــ ياق، ئازراقمۇ چاتاق يوق، بۇ كومپيۇتېرنى سېتىۋالغاندىن بۇيان نەشرىياتىمىزنىڭ پايدىسى كۈنسېرى ئېشىۋاتىدۇ.
كومپيۇتېر ساتقۇچى تېخىمۇ چۈشىنەلمەپتۇ:
ـــ نېمە ئىش بولدى؟
باش مۇھەررىر:
ـــ مەن كومپيۇتېرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، خىزمەتچى خادىملارغا: «ئەگەر ياخشى ئىشلىمىسەڭلار، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئورنىڭلاردا ئىشلەيدۇ» دەپ ئەسكەرتىپ تۇردۇم، شۇنىڭ بىلەن ئىش ئۈنۈمىمىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ـ دەپتۇ.

* * *

ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇغۇچىلارغا «يۇقىرى ئاۋاز»، «تۆۋەن ئاۋاز»، «ئۈنسىز» دېگەن سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈشنى بۇيرۇپتۇ.
ئەركىن بىرىنچى بولۇپ قولىنى كۆتۈرۈپتۇ:
ـــ ھەر قېتىم ئاپام چوڭ دادامنى يۇقىرى ئاۋازدا

## جۈملە تۈزۈش



تەنقىدلىگەندە، چوڭ دادام تۆۋەن ئاۋازدا «بولىدۇ، بولىدۇ» دەيدۇ، ئەمما دادام بولسا سافادا ئۈنسىز گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرىدۇ.

ئەزىزە تۇيغۇن تەرجىمىسى

# مەشرەپ ھەققىدە




ئۇيغۇر مەشرىپى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئېسىل ئەخلاق قۇرۇلمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە ھازىرقى زامان مائارىپ تەربىيىسىدىن ئارتۇقراق رول ئوينىغان سەييارە ئەخلاق دەرسخانىسى. ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ مەردلىك، سېخىيلىقنى سىنايدىغان تارازا. چىدام جاسارىتىنى تاۋلايدىغان ئوچاق. خەلق سەنئەتكارلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپ، كۆڭۈل ئېچىش، ئېستېتىك تەربىيە سورۇنى. دېمەك، مەشرەپ ئاددىيلا، نوقۇل سەنئەت پائالىيىتى ياكى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىۋېرسال فۇنكسىيىگە ئىگە، ناھايىتى كەڭ ئېستېتىك قىممەت ۋە ئۇنىۋېرسال ئىجتىمائىي قىممەت يارىتىپ كەلگەن، ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە ئالاھىدە بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى. خەلقىمىز ئارىسىدا «ئالىم بولاي دېسەڭ مەكتەپكە بار، ئادەم بولاي دېسەڭ مەشرەپكە بار» دېگەن ماقال بار. ئەدەپسىز، قائىدە ـ يوسۇنسىز، تەربىيە كۆرمىگەن كىشىلەرنى كۆرگەندە ۋە ئۇنداقلارنى ئەيىبلەشكە توغرا كەلگەندە «مەشرەپ كۆرمىگەن» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار، ئوغۇللىرى بويىغا يەتكەندە خۇددى ھازىر مەكتەپكە ئەۋەتكەندەك بالىلىرىنى مەشرەپ ئەھلىگە قوشۇپ، مەشرەپكە ئەۋەتكەن. ئۇلار نېمىنى كۆزدە تۇتقان!؟ بالىلىرىنىڭ ئويناپ كۆڭۈل ئېچىپ كېلىشىنىمۇ؟ ياق، ئۇلارنىڭ كۆزدە تۇتقىنى بالىلىرىنىڭ مەشرەپلەردە ئەدەپ ـ ئەخلاق، قائىدە ـ يوسۇن ئۆگىنىپ، مەردلىك، سېخىيلىق داستىخانلىرىنى كۆرۈپ، چىدام جاسارىتىنى تاۋلاپ، ئەرلىك مەتانەتلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، قائىدە ـ يوسۇنلۇق، مەرد، سېخىي، مېھماندوست، چىداملىق، جاسارەتلىك، قەيسەر كىشىلەردىن بولۇپ چىقىشىنى كۆزدە تۇتقان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەشرەپلەر ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھازىرقى زامان مەكتەپلىرىدىكى ئېستېتىك تەربىيە ۋە ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ رولىنى ئوينىغان، ھازىرقى زامان تەربىيىسىنىڭ، ھازىرقى زامان مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى، مائارىپ تەربىيىسىنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە سىستېمىلىشىشى، ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ تۈزۈلمىلىشىشى، تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشى، مەدەنىيەتنىڭ شالغۇتلىشىشى قاتارلىق سەۋەبلەر مەشرەپلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى فۇنكسىيىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، بارا ـ بارا تۇرمۇشتىن سىقىپ چىقارغان. ئەمما ئەجدادلارنىڭ ئەخلاق قارىشى، ئەخلاق چۈشەنچىلىرى بىلەن ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئەخلاق ساپاسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەكلا مەشرەپلەرنىڭ تارىختا ئوينىغان رولىغا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

**1. مەشرەپنىڭ ئىجتىمائىي رولى ئۇيغۇر مەشرىپى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى**

مەشرەپتە كىشىلىك مۇناسىۋەتلا ئەمەس، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە بارلىققا كەلگەن ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئەقەللىي ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە ئەخلاقىي پرىنسىپلار مەشرەپ ئەھلىگە تەتبىق قىلىنىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن تۈرلۈك ـ تۈمەن زىددىيەت، توقۇنۇشلارمۇ ۋە باشقا مەسىلىلەرمۇ مەشرەپ ئەھلى ئارىسىدا مەشرەپ ھاكىملىقى ئارقىلىق مۇۋاپىق ھەل قىلىنىدۇ. چۈنكى مەشرەپ خاس كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىلا بولماستىن، بەلكى ئەينى تارىخىي شارائىتتا

بىر خىل ئىجتىمائىي كۈچ سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. مەشرەپ شۇ يۇرتتىكى مەردۇ - مەردانىلىقنى ئىختىيار قىلغان ياشلاردىن تەشكىللەنگەن ئىجتىمائىي توپ (ئىجتىمائىي تەشكىلات)، سۈپىتىدە ئۆزىگە ئەڭ قابىل ۋە ئادىل يىگىتتىن بىرىنى باش قىلىپ، قەرەللىك ھالدا مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپلا قالماي، شۇ يۇرتتا يۈز بەرگەن تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىنغان. كىشىلىك تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ئۇرۇش - تالاشلار، ئارازلىقلار مەيلى ئۇ مەشرەپ ئەھلى بولسۇن، مەشرەپ ئەھلى ئارقىلىق مۇۋاپىق ھەل قىلىنىپ، ياراشتۇرۇش خىزمەتلىرى ئىشلىنىپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. مەشرەپ ئەھلى ئىجتىمائىي كۈچ سۈپىتىدە ئۇيۇشۇپ، ئاجىز، مىسكىنلەرنى قوغداش، زالىم - زوراۋانلارنى چەكلەش، تاپتىن چىققانلارنى ئەدەپلەش، ئوغرى - يالغانىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئوخشاش ئىشلاردىمۇ ناھايىتى زور رول ئوينىغان. بولۇپمۇ ئېغىزغا ئېلىشقا، قەدىرلەشكە ئەڭ ئەرزىيدىغىنى بىرسى قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ئاپەت ياكى ھادىسىگە يولۇقسا، جىددىي ياردەمگە موھتاج بولۇپ قالسا، مەشرەپ ئەھلى ياردەمگە سەپەرۋەر قىلىنىپ، پۇلى بارلىرى پۇل، مېلى بارلىرى مال، كۈچى بارلىرى كۈچ چىقىرىپ، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغۇچىغا قىزغىن ياردەم بەرگەن. تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇل، كېسەل، ئاجىز - مىسكىنلەرنى يوقلاش، ئۇلارغا خەير - ساخاۋەت قىلىپ تۇرۇشمۇ مەشرەپ ئەھلىنىڭ دائىملىق ئىشىغا ئايلانغان. بۇ خىل ئىللىقلىق يەتكۈزۈش بۇ خىل ئادەمگەرچىلىك مەشرەپ ۋە مەشرەپ ئەھلىنىڭ شۇ يۇرتتىكى ئىناۋىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەشرەپ سورۇنى ھەممە ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان، ھەممىلا ئادەم مەشرەپ ئەھلى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن. قىسقىسى، مەشرەپ ئەھلى بولۇش ئادەمىيلىكنىڭ يارقىن بەلگىسى بولۇپ قالغان.

ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ئادەت قانۇنلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش سورۇنىغا ئايلانغان. مەشرەپ تۈزۈملىرى ئادەتتىكى ئەدەپ - ئەخلاق، قائىدە - يوسۇن تەلىپىنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، مەشرەپنىڭ باشقۇرۇش تەشكىلىي شەكلى جەمئىيەت ھاكىمىلىقىغا تەقلىد قىلىنغان، مەشرەپ باشقۇرۇشتىكى باشقۇرغۇچىلارغا قويۇلىدىغان خالىس بولۇش، پاك بولۇش، ھەققانىي بولۇش، ئادىل بولۇش، توغرا بولۇش تەلىپى، جازا ئىجرا قىلىشتىكى بەزى مەزمۇنلار ھەمىشە ئادەت قانۇنلىرىغا مۇراجىئەت قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. ئۇنىڭسىزمۇ تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى مەشرەپ سورۇنىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاچقا، تۇرمۇشنى ئىدارە قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان ئادەت قانۇنىنىڭ مەشرەپ سورۇنىغا تەتبىقلانماسلىقى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا مەشرەپلەرگە يىگىت بېشى قويۇلغاندىن باشقا يەنە قازى (سوتچى) قويۇلغان. مەشرەپ قازىلىرى يۇرت قازىلىرىغا ئوخشاش، مەشرەپتە مەيدانغا كەلگەن، شەرىئەت بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك دەۋا - دەستۇرلارنى شەرىئەتنى ئاساس قىلىپ بىر تەرەپ قىلغان. بۇ يالغۇز مەشرەپنى قانۇن مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، مەشرەپ سورۇنىنى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلغاندىن باشقا، خەلقنىڭ قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىش، قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتە ناھايىتى زور رول ئوينىغان. بۇنداق ھەممە ئىشتا قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان، ھەممە ئىشتا قانۇنغا مۇراجىئەت قىلىدىغان، ھەممە ئىشتا قانۇنغا تايىنىدىغان قانۇن ئېڭى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەدلى - ئادالەتكە ئىنتىلىدىغان، قانۇن ئېڭى، قانۇن تۇيغۇسى كۈچلۈك خەلق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەشرەپلەر دوستلۇق ئەلچىسى سۈپىتىدە ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق كۈيىنى ياڭرىتىپ دوستلار ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان دوستلۇق سورۇنىغا ئايلانغان. مەشرەپ ئەھلى بولغان ھەر بىر يىگىت بىر - بىرى بىلەن مەشرەپتە تونۇشۇپ، مەشرەپتە دوستلىشىپ، ھايات ھەمراھلىرىغا ئايلانغان، مەشرەپ چېيىنى بىللە ئېچىش، مەشرەپ ھۇزۇرىنى بىللە سۈرۈش داۋامىدا ئۇلار بىر - بىرى بىلەن چوڭقۇر چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، بىر - بىرى بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەپ، بىر - بىرىگە ھەمدەمدە بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ سىناقلىرىدىن بىللە ئۆتۈشكە قول تۇتۇشقان. دېمەك، مەشرەپ ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ نەمۇنىسىنى ياراتقان.

### 2. مەشرەپنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى

ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېستېتىك ئېڭى، كىشىلىك قىممەت قارىشى گۈزەل ئەخلاق پەزىلەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشتە فۇنكسىيىلىك رول ئوينىغان. قائىدە - يوسۇن، ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىتىدىغان مەكتەپ، سەنئەت تەربىيىسى ۋە ئېستېتىك تەربىيە دەرسخانىسى بولۇپ قالغان.

مەشرەپ سورۇنى پائالىيەت سورۇنى، شۇنداقلا

جامائەت سورۇنى. ھەر قانداق جامائەت سورۇنىنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئىدارە قىلىش تەلپى ۋە ئوبيېكتىپ تۈزۈملىرى بولىدۇ. مەشرەپمۇ، مەشرەپنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بىر قاتار قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. مەشرەپنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرى ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئەقىللىي ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆلچەملىرى بولۇپ، مەشرەپ ئەھلى ۋە مەشرەپ سورۇنىغا ناھايىتى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەتبىقلانغان. بۇ تۈزۈملەر يالغۇز باشقا جامائەت سورۇنلىرىنىڭ تۈزۈملىرىگە ئوخشاش سورۇن تەرتىپىنى ياخشىلاش، پائالىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشىنى ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن تەمىنلەشتەك ئادەتتىي فۇنكسىيىدە ئەمەس، بەلكى ئەدەپ ـ ئەخلاقنى تەكىتلەش، ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ياخشىلاش، ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. ئالايلى، مەشرەپتە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇش، بىر تۈزۈم. باشقا شەكىلدە ئولتۇرسىمۇ مەشرەپ پائالىيىتىگە ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. ئەمما يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق يىللىق تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن ھاسىل قىلىنغان ئولتۇرۇشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىسى. بۇ قائىدە مەشرەپتە قاتتىق ئىجرا قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت يۇقىرىدا قەيت قىلغىنىمىزدەك، مۇشۇ ئەدەپ ـ قائىدىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش، ئومۇملاشتۇرۇش، دائىملاشتۇرۇش، كىشىلەرنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرۇش. شۇڭا مەشرەپ سورۇنى قائىدە ـ يوسۇن، ئەدەپ ـ ئەخلاق سورۇنى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ئەدەپ ـ ئەخلاق، قائىدە ـ يوسۇن ئۆگىتىدىغان دەرسخانىغا ئايلانغان. مەشرەپ تۈزۈمى مەشرەپكە ۋاقتىدا كېلىشتىن ئىبارەت ۋاقىت قارىشىنى گەۋدىلەندۈرگەن ئەخلاق ئۆلچىمى بىلەن باشلىنىپ، سورۇنغا سالام قىلىپ ئەدەپ بىلەن كىرىش، تەرتىپ بويىچە سورۇن ئەھلى بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ ئامانلىق سوراش، ياش قۇرامى، سالاھىيىتىگە مۇۋاپىق جايدىن ئورۇن ئېلىپ، يۈكۈنۈپ ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، داستىخانغا تەكلىپ بىلەن، نۆۋەتتە كەلگەندە قول ئۇزىتىشقا ئوخشىغان بىر قاتار ئەدەپ ـ قائىدىلىرى بىلەن باشلىنىپ تا ئاخىرلاشقىچە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئۇچرايدىغان ئەخلاق پرىنسىپلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك گەۋدىلىنىدۇ. ئەدەپسىزلىككە ياتىدىغان كىچىككىنە سەۋەنلىكمۇ مەشرەپ ئەھلىنىڭ نەزەرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. مەشرەپ ھاكىملىقىمۇ جەمئىيەت ھاكىملىقىغا تەتبىق قىلىنغان ھەم مەشرەپ ھاكىملىقى دېموكراتىيىنى ئاساس قىلغان. ھەر بىر مەشرەپ ئەھلى مەشرەپتىكى ھەر قانداق بىر كىشى ياكى ھەر قانداق ئىش ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق. ئەگەر ئۇنىڭ شىكايىتىنىڭ راستلىقى كۆپچىلىك تەرىپىدىن ئىسپاتلانسا مەشرەپ ھاكىملىقىنىڭ سىمۋولى بولغان يىگىت بېشى تەرىپىدىن جازاغا ھۆكۈم قىلىنىپ، نەق مەيداندا ئەدەپلىنىدۇ. ئەگەر شىكايەت يالغان بولۇپ چىقسا، شىكايەت قىلغۇچى تۆھمەتخور ھېسابلىنىپ، قاتتىق جازالىنىدۇ. بۇ خىل جازا بىر تەرەپتىن مەشرەپ ئەھلىنى ئويۇن كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىش مەقسىتىگە يەتكۈزسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھەممەيلەنگەن ئىبرەت قىلىپ ئەستىن چىقمىغۇدەك ساۋاق بېرىدۇ. ھەر بىر مەشرەپ ئەھلى مەشرەپتە ئۆگەنگەن، مەشرەپتە يېتىلدۈرگەن ئەدەپ ـ ئەخلاق ئادىتىنى ئائىلىگە ۋە جەمئىيەتكە ئېلىپ چىقىپ، ئائىلە ۋە جەمئىيەت ئەخلاقىنىڭ ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

مەشرەپ يىگىتلەرنىڭ قەيسەرلىكى، چىداملىقى، جاسارىتى ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى يېتىلدۈرىدۇ، تاۋلايدۇ. مەشرەپتىكى جازا گەرچە ئويۇن تەشكىللەشنىڭ ۋاستىسى قىلىنىپ ئويۇن خاراكتېرىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى قاتتىق ئىجرا قىلىنىدۇ. شۇڭا مەشرەپ ئەھلىدە جازانى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغۇدەك جاسارەت، باشتىن ـ ئاخىر بەرداشلىق بەرگۈدەك چىدام، قەيسەرلىك بولۇشى كېرەك، ھېچكىم بۇنداق جازاغا ئۇچراپ قېلىشنى خالىمايدۇ، ئەمما نۆۋىتى كەلگەندە ھەرقانداق بىر مەشرەپ ئەھلى، ھەرقانداق بىر جازانى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، ھەرگىز ۋايسىمايدۇ. بۇ خىل قوبۇل قىلىش ئىچىگە يەنە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. چۈنكى، مەشرەپتىكى جازا ئەدەپسىزلىكنى ئەدەپلەش ئۈچۈن يۈرگۈزۈلسىمۇ، ئۇنىڭ سەنئەت خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك. يۇمۇرىستىك، كومېدىيىلىك تۈسى ناھايىتى قويۇق. ئۇنىڭ ئىچىگە لىققىدە كۈلكە قاچىلانغان بولغاچقا، ئېستېتىك قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى. ھامان ئۇ مەشرەپ ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكنىڭ دىققەت نەزەرىدە، كۆڭۈل ئارامىدا بولىدۇ، ھەر قانداق بىر جازالانغۇچى مەشرەپ ئەھلىنىڭ، كۆپچىلىكنىڭ رايى، خۇشاللىقى بىلەن ھېسابلاشماي، يېنىكلىك بىلەن جازانى رەت قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. ئەكسىچە خۇشاللىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، ھەرقانچە قىينالسىمۇ، چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ، جازا ئىجرا قىلىشقا ماسلىشىپ، جازا ئويۇنىنىڭ تولۇق ئوينىلىشىغا، كۆپچىلىكنى خۇشال قىلىشقا تىرىشىدۇ. بۇ خىل ئۆزىنى بېغىشلاش روھى تولىمۇ قىممەتلىك

بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز بۇ خىل روھنى مەردلىك، مەردانىلىك، ئالىيجانابلىقنىڭ مۇھىم بەلگىرىلىرىدىن بىرى قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەرلىك مەتانەتلىرىدە روھىي تىندۇرمىغا ئايلاندۇرغان.

مەشرەپ، مەشرەپ ئەھلىنىڭ مەردلىكى، سېخىيلىقى، مېھماندوستلۇقىنى سىنايدۇ ۋە يېتىلدۈرىدۇ. مەشرەپ ھامان بىرىنىڭ ساھىبخانىلىقى ئاساسىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەشرەپ ساھىبخانىلىقى بەلگىلەشنى ئەمەس، تەكلىپ قىلىشنىمۇ ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي ئۆز ئىختىيارلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەشرەپنىڭ ئاخىرىدا ھەممەيلەنگە تاماق تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن داستىخان ئوتتۇرىسىغا مەشرەپ ئېشى قويۇلىدۇ (بۇمۇ مەشرەپ دېموكراتىيىسىنىڭ بىر قىسمى)، كېيىنكى نۆۋەتلىك مەشرەپنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى نىيەت قىلغان كىشى مەشرەپ ئېشىنى ئالدىغا تارتىپ ئېغىز تېگىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى قېتىملىق مەشرەپنىڭ ساھىبخانى بارلىققا كېلىدۇ. ساھىبخانىلىقنى ئۈستىگە ئالغۇچى نەق مەيداندا ئۆزى ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولغان كېيىنكى قېتىملىق مەشرەپنىڭ ۋاقتى، ئورنىنى ئېنىق ئېيتىپ، بارلىق مەشرەپ ئەھلىنى ئۆزى ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولغان كېيىنكى قېتىملىق مەشرەپكە تەكلىپ قىلىدۇ ھەمدە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ يېتىشىچە ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بارلىق مەشرەپ ئەھلى كەڭ ـ كۇشادە يەپ ـ ئىچىپ ئوينىغۇدەك سورۇن ۋە داستىخان ھازىرلايدۇ، ھەتتا قوي ـ كالا سويىدۇ، مەشرەپ ئەھلىنى ياخشى كۈتۈپ، ئۆزىنىڭ مېھماندوستلۇقى، مەرد ـ سېخىيلىقىنى ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ. ھەرقانچە پىخسىق، خەسىس ئادەم بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ بۇ خىل سېخىيلىق بىلەن قىلغان مېھماندوستلۇقىدىن تەسىرلەنمەي قالمايدۇ. باشقىلارنىڭ ئۆيىدە يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ ـ يۈرۈپ ئاخىرى نومۇسى غالىب كېلىدۇ ـ دە، مەشرەپ ئېشىغا قول ئۇزىتىدۇ. شۇڭا مەشرەپنىڭ ساھىبخانى ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. ساھىبخان ئۈزۈلۈپ قالمىغانىكەن، مەشرەپمۇ ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ.

### 3. مەشرەپنىڭ ئېستېتىك رولى

ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېستېتىك ئېڭى، ئېستېتىك ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي، رەڭدار سەنئەت شەكىللىرىنى ئۆز ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملىگەن ئۇنىۋېرسال سەنئەت سورۇنى، مەشرەپ سورۇنىدىن سەنئەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى — تىل سەنئىتى، مۇزىكا سەنئىتى ئۇسسۇل سەنئىتى، ناخشا سەنئىتى، تىياتىر سەنئىتى، رەسساملىق سەنئىتى، سېرك سەنئىتى ھەتتا قونچاق تىياتىر سەنئىتىگە تەۋە تەرەپلەرنىمۇ تاپقىلى بولىدۇ. ھەر بىر تۈر ھەرگىز ھازىرقى زامان ئويۇنلىرىغا ئوخشاش ئالدىن تەييارلانغان نومۇر ۋە تىزىملىك بويىچە ئەمەس، بەلكى شۇ سورۇندىكى مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئېستېتىك تەلىپى، ئېستېتىك ئادىتى، ئېستېتىك خاھىشى ئاساسىدا ھەم شۇ ئاقلا شۇ سورۇندىكى مەشرەپ ئەھلىنىڭ سەنئەت قابىلىيىتى يار بەرگەن ئاساستا مۇۋاپىق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭا ئېستېتىك ئوبيېكتى ھېسابلانغان ھەر بىر ئويۇن (نومۇر) ئېستېتىك سۇبيېكتىنىڭ خاھىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەچكە سۇبيېكتىنىڭ ئېستېتىك خۇشاللىنىش دەرىجىسى تېخمۇ يۇقىرى بولىدۇ. بەدىئىي زوقلىنىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھەرقانداق بىر زوقلىنىش ئوبيېكتى زوقلىنىش سۇبيېكتىدىن زوقلىنىش سەۋىيىسى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ئوبيېكتىنىڭ زوقلاندۇرۇش كۈچى سۇبيېكتىنىڭ زوقلىنىش سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتسە، ئوبيېكتىنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنىڭ ئىستېمالى بەلگىلىك تەسىرگە ئۇچرايدۇ ـ دە، سۇبيېكتىنىڭ خۇشاللىنىش دەرىجىسى تۆۋەن بولىدۇ. ئەمما مەشرەپ سورۇنىدىكى ئويۇنلار (نومۇر) مەشرەپ ئەھلىنىڭ زوقلىنىش ئادىتى ۋە سەۋىيىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە ئوينالغان بولغاچقا، ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي زوق، ۋە ناھايىتى يۇقىرى ئېستېتىك قىممەت يارىتالايدۇ.

ئۇيغۇر مەشرىپىنىڭ سەنئەت ئۇستىلىرى بولغاندىن باشقا، ھەر بىر مەشرەپ ئەھلى مۇئەييەن شارائىتتا ھەم زوقلانغۇچى، ھەم زوقلاندۇرغۇچى بولۇپ مەيدانغا چىقالايدۇ. چۈنكى مەشرەپ ھەر بىر ئادەمنىڭ قابىلىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىگە مۇناسىپ پۇرسەت ۋە سورۇن ھازىرلاپ بېرەلەيدۇ. ساز چالالايدىغانلار ساز چالىدۇ، ناخشا ئېيتالايدىغانلار ناخشا ئېيتىدۇ، ئۇسسۇل ئوينايدىغانلار ئۇسسۇل ئوينايدۇ، قىزىقچىلىق قىلالايدىغانلار قىزىقچىلىق قىلىدۇ، ھېچ ئىش قىلالمايدىغانلار ئۆزى بىلىدىغان يەتتە خىل قۇش ياكى ھايۋاننىڭ ئاۋازىنى دوراپ بەرسىمۇ بولىدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇستىلارغا ماسلىشىپ، مەلۇم نەرسە ياكى ئادەمنىڭ رولىنى ئېلىپ ئېستېتىك ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىل قويۇق سەنئەت مۇھىتى ۋە زوقلاندۇرۇش كۈچى ھەر بىر مەشرەپ ئەھلىنىڭ سەنئەت ئېھتىياجى ۋە سەنئەت ھەۋىسىنى قوزغىماي قالمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ھەر بىر مەشرەپ سورۇنىنى ئۆگىنىش سورۇنى، تەربىيىلىنىش سورۇنى بىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سەنئەت دەرسخانىسىغا ئايلاندۇرۇۋالغان. خەلق ئارىسىدىكى نۇرغۇنلىغان

سەنئەتكارلارنى مۇشۇ دەرسخانىنىڭ مەھسۇلاتى ياكى ئوقۇغۇچىسى، دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ.

ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ سەنئەت شەكلى خىلمۇ خىللىقتا، رەڭدارلىقتا ئىگە بولۇپلا قالماي، مەزمۇنىمۇ مول ۋە رەڭدارلىققا ئىگە، مەزمۇنىنىڭ مول ۋە رەڭدارلىقىنى شەكلىنىڭ رەڭدارلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، چۈنكى ھەر بىر مەزمۇن ئۆزىگە مۇۋاپىق شەكىل تاللايدۇ. ھەر بىر شەكىلمۇ مەزمۇنغا مۇۋاپىق چەك قويىدۇ، ھەر بىر شەكىلنىڭ مۇۋاپىق مەزمۇن بىلەن تويۇنۇشى، ھەر بىر مەزمۇننىڭ مۇۋاپىق شەكىلگە ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ، شۇڭا مەزمۇن بىلەن شەكىل ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل دىئالېكتىك مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ دەسلىپىدىلا ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئەقەللىي تەلەپ. بۇ تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن ياخشى چىقىش ـ چىقالماسلىق سەنئەتكارلارنىڭ بەدىئىي دىتى ۋە قابىلىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. «كۆسەي ئۇزۇن بولسا قول كۆيمەپتۇ» دېگەندەك مەشرەپ سەنئىتىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى كۆپ خىللىق ئارتۇقچىلىقى ئىجادكارنى بۇ خىل زىددىيەتتىن ئاسانلا خالاس قىلىپ، ئىجادكارغا ئەركىن ئىجادىيەت زېمىنى ھازىرلاپ بېرىدۇ. ئىجادكار شەكىل جەھەتتىن چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. مەزمۇن جەھەتتىن قىسىلىپ قالمايدۇ. شۇڭا مەشرەپ ئويۇنلىرى تۇرمۇشنى كەڭ دائىرىدە ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئار ـ نومۇسى، غايىسى، ئەقىدە ـ ئېتىقادى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى، ئەخلاق قارىشى، دۇنيا قارىشى، ئائىلە، نىكاھ، مۇھەببەت قاتارلىق ناھايىتى كەڭ تېمىلار يورۇتۇپ بېرىلگەچكە ھەم ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گۈزەللىك قارىشى ھەم گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئىجاد قىلىنغان بولغاچقا، ئېستېتىك قىممىتى يۇقىرى بولۇپلا قالماي، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ.

**4. مەشرەپنىڭ مەدەنىيەت قىممىتى**

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىختا، شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە خەلق. ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى، ئەمگەكچانلىقى، ئەقىل ـ پاراسىتى، مەنىۋى كامالىتىگە تايىنىپ، مەيلى يايلاق مەدەنىيىتى دەۋرىدە بولسۇن ياكى تېرىم مەدەنىيىتىگە كۆچكەندىن كېيىن بولسۇن، شانلىق مەدەنىيەتلەرنى يارىتىپ، مەدەنىيەت جەھەتتە دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، زاماندىش مىللەتلەر ئارىسىدا تېگىشلىك ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. مەدەنىيەت بىر مىللەتنىڭ مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. چۈنكى مەدەنىيەت بىر مىللەتنى باشقا مىللەتلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ يىغىندىسى. ئەگەر مەدەنىيەت ئامىلى بولمايدىكەن. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، تىل ئامىلى، ئىرق ئامىلى، ئېتىقاد ئامىلى ياكى جۇغراپىيىلىك ئامىل، مىللىي پەرقنى ھەرگىز گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ھەر بىر مىللەت، مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىمەن دەيدىكەن، ئۆز خاسلىقى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان مەدەنىيەت ئامىللىرىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۆزبېكىستانلىق قايسىبىر ئالىم «دېھقىنى بار مىللەت يوقالمايدۇ» دېگەن. بۇ سۆزنى گابائىنىڭ «مىللەتنىڭ مەدەنىيەت جەۋھىرى دېھقانلار ئارىسىدا ئەڭ ياخشى ساقلىنىپ قالغان بولىدۇ» دېگەن سۆزى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشەنسەك، يۇقىرىدىكى ھۆكۈمنىڭ ھەقىقەتلىكىدىن گۇمانلانمايمىز، ئەلۋەتتە. يەنە مەدەنىيەت ئامىلىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن مەدەنىيەت بەرپا قىلىشلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقى، ئۇنى قوغداش، ساقلاپ قېلىشنىڭمۇ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

ئۇيغۇر مەشرەپلىرى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى مۇجەسسەمى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ يارقىن ئىپادىسى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممە نېمىسى ئالايلۇق، داستىخان مەدەنىيىتى، يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى، كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى، مېھمان كۈتۈش مەدەنىيىتى، مائارىپى، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلىرى، ئەدەپ ـ ئەخلاقى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكلى، ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى (ھاكىمىيەت قارىشى)، سەنئەت شەكلى، ئەقىدە ـ ئېتىقادى، غايىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر مەشرەپلىرى مەدەنىيەت دۇنياسىدا بىباھا، يېگانە، تەڭداشسىز مەدەنىيەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى توپلاشقان بىباھا مەدەنىيەت خەزىنىسى. مەدەنىيەت تەتقىقاتىمۇ مەشرەپ تەتقىقاتىدىن ئايرىلىپ قالسا، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تاپالمايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەلقىن قىلماقچى بولساق، ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلمايلى.

ئاپتور: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە



# ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ چاچ گۈزەللىكى

توختىخان ئىسمائىل

ئەجدادلىرىمىز روھىي گۈزەللىك (غۇرۇر، شەرم ـ هايا)گە ئەهمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە، قىياپەت گۈزەللىكىگىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلغان ۋە ئۆزگىچە مىللىي قىياپەت خاسلىقلىرىنى شەكىللەندۈرگەن، ياسىنىش ـ تارىنىش مىللىي قىياپەتتىكى ئاساسلىق ئالامەتلەرنىڭ بىرى، خەلقىمىز باشقا مىللەتلەردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت، ياسىنىش ئەنئەنىسىگە ئىگە، ئۇيغۇرلار تارىختا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر قاتارىدا «يايلاق مىللىتى» دەپ ئاتالغان. ئۇزۇن چاچ—ئىلغار ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت دائىرىسىگە كىرىدۇ. هالبۇكى، غەيرىي مەدەنىيەت ئېقىمىنىڭ يامرىشى بىلەن نۇرغۇن ئەنئەنىۋى خاسلىقلىرىمىز جۇلاسىنى، سېھرىي كۈچىنى يوقاتتى. بۇ، قارىماققا نورمال تەرەققىيات يۈزلىنىشىدەك قىلسىمۇ ماھىيەتتە ئۆز خەلقىگە، ئاتا ـ بوۋىلىرىغا، جۈملىدىن مىللەتنىڭ ئورتاق ئەنئەنىۋى روھىغا خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر. بىز ھەر قانچە ھاللىنىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئەنئەنىدىن، ئەجداد روھىدىن، ئېسىل ئادەت ـ ئۆدۈملاردىن ۋاز كەچسەك، ئۇلارنى غەيرىي مەدەنىيەت ئامىللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆزىمىزنىڭكىنى تۆۋەن كۆرسەك، «ئەنئەنىۋى ئادەم»لىرىمىزنى كەمسىتسەك بولمايدۇ.

يېقىنقى بىر ـ ئىككى يىلدا، قومۇلنىڭ ساياھەتچىلىك خىزمىتىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىيات ۋەزىيىتى شەكىللەندى، جۈملىدىن ئائىلە ساياھەتچىلىكى بارلىققا كېلىپ ئاپتونوم رايونىمىزغا ئۈرنەك بولغۇدەك ياخشى ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولدى. ئائىلە ساياھەتچىلىكى ماھىيەتتە تەبىئىي ھالەت ساياھەتچىلىكىدۇر. ئۆزىمىزگە قىممىتى، خاسلىقى يوق تۇيۇلغان نەرسىلەر ۋە ئۆدۈملار باشقا مىللەت كىشىلىرىگە، جۈملىدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت خاسلىقلىرىغا قىزىقىدىغان ساياھەتچى، تەتقىقاتچىلارغا كەم ئۇچرايدىغان، ھەتتا باشقا ھېچ يەردىن تېپىلمايدىغان قىممەتلىك مەدەنىيەت، روھىيەت بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، قومۇلنىڭ ساياھەتچىلىكى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. قومۇلدا ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىدىغان تەبىئىي مەنزىرە رايونلىرى، ماددىي مەدەنىيەت ئورۇنلىرى كۆپ بولۇش بىلەن بىرگە، كەم تېپىلىدىغان مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرى بار. بولغاندىمۇ ناھايىتى مول ۋە ئۆزگىچە، قومۇلنىڭ مۇقام ـ مەشرەپ سەنئىتى ھەم بۇنىڭغا ياندىشىدىغان ئەنئەنىۋى ئۇسسۇلچىلىق، شۇنىڭدەك تۈرلۈك مەشرەپ، ئولتۇرۇشلاردا ئېيتىلىدىغان دەل مەنىلىك، ھازىر جاۋابلىق خاراكتېرىنى ئالغان بېيىت ـ قوشاقلار، سورۇن يوسۇنلىرى، تەڭداشسىز ئەنئەنىۋى يەرلىك بايلىق سۈپىتىدە ساياھەتچى، تەتقىقاتچىلارنى جەلپ قىلىدىغان قىممەتلىك مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقىغا ئايلاندى. دېمەك، ئەنئەنىنىڭ سېھرىي كۈچىنى بوش چاغلىغىلى ھەم ئۇنىڭغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

خانىم ـ قىزلىرىمىزنىڭ ياسىنىش ـ تارىنىش خاسلىقىنى ئالتۇن ئۈزۈككە تىمسال قىلساق، ئۇزۇن چاچ ئۇنىڭ ياقۇت كۆزىدۇر. چەت ئەللىكلەر بىزنىڭ باشقا ئەنئەنىلىرىمىزگە قىزىقىش ـ زوقلىنىش بىلەن بىرگە، خانىم ـ قىزلىرىمىزنىڭ چېچىغىمۇ ئالاھىدە زوقلىنىدۇ. ئۇسسۇلچى ئۇيغۇر قىزلىرى سەھنە ئۇسسۇللىرىدا بىر خىلدا ئۇزۇن چاچ تاقىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەقىقىي ئۇزۇن چاچلىقلار ئاساسەن يوق. ھەممىسى سۈنئىي ـ يالغان چاچلىقلار. ئۇسسۇلچى قىزلىرىمىز ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە سەھنىگە ئۇزۇن چاچلىق ھالەتتە چىقىدۇ ـ يۇ، ئادەتتىكى ياسىنىش ـ تارىنىش ئادىتىدە ئۇزۇن چاچقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئۇلار بىر ئۇبدان ئۇزۇن چاچلىرىنى كېسىۋېتىپ قىزىل، سېرىق بوياۋالىدۇ، سەھنىگە چىققاندا ئۇنىڭغا سۈنئىي قارا چاچنى ئۇلىۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن باشقا مىللەتلەر ۋە چەت ئەللىكلەردە ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ چېچى ئەسلى ئۇزۇن ئەمەسكەندۇق... دېگەندەك تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىز سەھنىلەردە، ئېكرانلاردا نامايان بولۇپلا قالماي، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىمۇ ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى چاقنىتالىسا



MIRAS

بۇنى ھەقىقىي گۈزەللىك، تەبىئىيلىك، خاسلىق دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرى تارىختا بىر قاتار ئۆزگىچە ياسىنىش ـ تارىنىش ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن ھەم ئۇدۇم سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرغان. ھالبۇكى، غەيرىي مەدەنىيەت شامىلى نۇرغۇن قىز ـ ئاياللىرىمىزنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنى نەلەرگىدۇر «ئۇچۇرۇپ» كەتتى. ئۇزۇن چاچلىقلار ئاندا ـ ساندا ئۇچرايدىغان بولۇپ قالدى. ئىلگىرى ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ چېچى ئۇزۇن بولغان، يەنى ئۇزۇن چاچ قويۇش (چاچنى كەسمەسلىك)، ياش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ چاچ قويۇش ۋە بېزەش ئاممىۋى ئادەت ئىدى. بۇ ئادەت (ئۇدۇم) قومۇلدا يېقىنقى يىللارغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. غەيرىي مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان تاغلىق رايونلار ۋە يېزىلاردا بۇ ئادەت تېخىچە ئۆز كۈچىنى يوقاتمىدى. يىلىم چېپىش ئادىتى ئاساسەن ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىغىلا خاس چاچ ئاسراش، چاچ گۈزەللەشتۈرۈش بۇيۇمىدۇر. ئۇ يېپىشقاق تەبىئىي چاچ ئاسراش بۇيۇمى بولغاچقا، خانىم ـ قىزلىرىمىز ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشنى كۈندىلىك ياسىنىش ـ تارىنىش ئادىتىگە ئايلاندۇرغان. چاچقا يىلىم چېپىلسا، چاچ سالۋاراپ كەتمەيدۇ، چاچلار بىر ـ بىرىگە يېپىشىپ تۇرىدۇ ۋە پارقىراق كۆرۈنىدۇ. يىلىم چېپىلىپ تۇرغان چاچ ئاسان ئۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ، چىگىشلەشمەيدۇ. يىلىم يەنە چاچنىڭ چىگىچىنى چىقىرىپ تاراشقا قۇلايلىق ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. چاچ پەردىزىگە يىلىمدىن باشقا، چالا كۆيدۈرۈلگەن بادام مېغىزى، شاپتۇل مېغىزى ۋە سىيادان يېغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى بۇلار چاچنى قارايتىش (چاچنىڭ قارىلىقىنى ساقلاش)، ئۆستۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. يىلىم قاتارلىقلارنى تەبىئىي چاچ ئاسراش بۇيۇمى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرى ئەزەلدىن ئۇزۇن چاچ قويۇشقا، يەنى چاچنى كەسمەسلىككە ئادەتلەنگەن بولغاچقا، چېچى تەبىئىي شالاڭ ياكى چۈشۈپ ئازلاپ كەتكەن خانىم ـ قىزلار چۈشكەن چاچلاردىن ياسالغان ياسما (جالا) چاچ سېلىشقا ئادەتلەنگەن. بەزى خانىم ـ قىزلار ھەدېسىلا قىممەت باھالىق چاچ سوپۇنلىرىنى ئىشلىتىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ خىل چاچ سوپۇنلىرىنىڭ تەركىبىدە خىمىيىۋى ماددىلار بار بولۇپ، چاچنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ ياكى قايتا ئۆستۈرمەيدۇ. يات مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئاز ـ تولا ئۇچرىغان جايلاردا شەھەرگە قارىغاندا ئۇزۇن چاچلىقلار كۆپرەك. ئەسلىدە چېچى ئۇزۇن قىسمەن ئۇزۇن چاچلىق خىزمەتچى خادىملار ئۇزۇن سۇمبۇل چاچلىرىنى كېسىپ توكتا بۇدرە قىلدۇرۇۋالدى. ئەمەلىيەتتە توك چاچقا زىيان يەتكۈزىدۇ. ئوسما، ئۇپا، سۈرمە، خېنە، يىلىم قاتارلىق ئەنئەنىۋى پەرداز بۇيۇملىرى خانىم ـ قىزلىرىمىزغا ھۆسن، سۆلكەت بەخش ئېتىدىغان زۆرۈر گۈزەللىك لازىمەتلىكلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئوسما خەلقئارا بازارلاردا قىممەتلىك گىرىم بۇيۇمىغا ئايلاندى. سۈرمە، ئۇپا، خېنە قاتارلىقلار باشقا مىللەتلەردىمۇ مەۋجۇت. قومۇل خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە چاچ ھەققىدىكى قوشاقلارمۇ بىرقەدەر كۆپ. مەسىلەن:

«قاشىنىڭ قارىسى سەندە،
چاچنىڭ ئۇزۇنى سەندە.
دەردى يوق دەمسەن مېنى،
دەردنىڭ ھەممىسى مەندە» دېگەندەك.

خانىم ـ قىزلىرىمىز ھەر قېتىم چاچ تارىغاندا چۈشكەن چاچنى يەرگە ياكى ئۇدۇل كەلگەن جايغا تاشلىمايدۇ. بەلكى مەخسۇس «چاچ خالتىسى»دا ساقلايدۇ ياكى چېچىم تېخىمۇ ئۇزۇن بولغاي دەپ يېقىن ئەتراپتىكى ئەڭ ئېگىز دەرەخ ـ تال تۈۋىلىرىگە ئاۋايلاپ كۆمۈپ قويىدۇ. چۈشۈپ كەتكەن چاچقا باشقىلارنىڭ چېچى ياكى قاتتىق ـ يىرىك نەرسىلەر ئارىلىشىپ قالسا، چاچنى يەكلەپ چاچنىڭ كۆپلەپ چۈشۈپ كېتىشىگە، باشنىڭ سانجىلىپ ئاغرىشىغا سەۋەب بولىدۇ، دېگەن ئەنئەنىۋى قاراش ھازىرمۇ بار.

قىسقىسى، ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرى تارىختىن بۇيان چاچ گۈزەللىكىگە ئىنچىكە ئەھمىيەت بېرىپ ئۆزىمىزگىلا خاس بولغان «ئۇيغۇر چاچ مەدەنىيىتى»نى ياراتقان. چاچ بېزەكچىلىكىدە باشقا خاسلىقلارمۇ بار، ئەلۋەتتە، دېمەك، بۇ خىل ئۆزگىچە چاچ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا، مۇھىم مىللىي ئەنئەنىۋى سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇشقا، چاچ مەدەنىيىتىنى تەرغىب قىلىشقا ئەرزىيدۇ. دەۋر ھەرقانچە ئۆزگەرسىمۇ بۇ ئەنئەنىنى ساقلاش، ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش كېرەك. چۈنكى چاچ ـ ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ مۇھىم مىللىي بەلگىسى. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان، ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرى (مومايلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە ئەلۋەتتە) خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىپ غەيرىي مەدەنىيەتلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشى، ئۇدۇم ـ ئەنئەنىلەرنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ساقلاشقا ئىنچىكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئۇزۇن چاچ ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ مۇھىم بىر مىللەتلىك بەلگىسى، ئۇلارنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىنى، لاتاپىتىنى، نازاكىتىنى نامايان قىلىدىغان گۈزەللىك جۇلالىسى. شۇڭا باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىشقا قارىغۇلارچە بېرىلىپ كەتمەي، ئۆزىمىزنىڭ خاس، ئەۋزەل تەرەپلىرىنى ساقلاش، نامايان قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇشتا پايدىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ باشقىلار زوقلىنىدىغان گۈزەللىك ئەنئەنىلىرىمىزدىن چانماسلىقىمىز لازىم.

ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ ئۇزۇن چاچ قويۇش ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ھەممىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتى. شۇڭا ئۇزۇن چاچ قويۇشنى تەشەببۇس قىلىشىمىز، ئەجدادلارنىڭ روھى ۋە ئۇدۇملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇش، كەلگۈسىگە مەسئۇل بولۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئۇزۇن چاچ قويۇشنىڭ تەشەببۇسچىلىرى ۋە ئۈلگىلىرىدىن، شۇنىڭدەك، ئۇيغۇر چاچ مەدەنىيىتىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى، ۋارىسلىرى بولۇشىمىز، بۇنىڭغا باشقا مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىمىزگە كۆڭۈل بۆلگەندەك كۆڭۈل بۆلۈپ ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىنىڭ چاچ خاسلىقىنى، تەبىئىي گۈزەللىكىنى، غۇرۇرىنى ساقلىشىمىز، نامايان قىلىشىمىز كېرەك. ئۇزۇن چاچ كونىلىقنىڭ، قالاقلىقنىڭ بەلگىسى ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ مەدەنىيەتنىڭ، مەڭگۈ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنى يوقاتمايدىغان گۈزەل ئەنئەنىنىڭ بەلگىسى.

«8 ـ مارت» خەلقئارا ئاياللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئۇزۇن چاچلىقلار پائالىيىتى ئۇزۇن چاچ ئەنئەنىمىزنى تەشەببۇس قىلىشتىكى ياخشى باشلىنىش. بۇ پائالىيەتتىن ئارىمىزدا ئۇزۇن چاچلىقلارنىڭ خېلى كۆپلۈكىنى ھېس قىلدۇق. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار تەشكىلاتلىرى مۇشۇ خىلدىكى پائالىيەتلەرنى ھەر يىلى ئۆتكۈزۈپ تۇرسا ئۇزاققا قالماي ئۇزۇن چاچلىق خانىم ـ قىزلىرىمىز ھەسسىلەپ كۆپىيىدۇ. ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىمىز تېخىمۇ گۈزەللىشىدۇ.

**ئاپتور: قومۇل ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى**

# بەھرىمەن بولۇۋاتقانلار، مەھرۇم قېلىۋاتقانلار



يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق

## مۇقەددىمە

بىر قىسىم سوئاللار مېنى قىينىغىلى تۇرغىلى خېلى ئۇزاق بولدى. بۇ دۇنياغا كېلىپ نېمىلەرگە ئېرىشتىم، نېمىلەرگە ئېرىشەلمىدىم، نېمىلەردىن بەھرىمەن بولدۇم، نېمىلەردىن مەھرۇم بولدۇم؛ مەن بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن يارالغان، باشقىلار نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، مەنچۇ؟ دېگەندەك سوئاللار ماڭا ئاراملىق بەرمەيتتى، بىراق قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تاپالمايتتىم. ئەمەلىيەتتە، ئۆزۈمنىڭ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى، نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىمنى، نېمىلەرگە ئېرىشىپ، نېمىلەردىن مەھرۇم قالغانلىقىمنى تېخىچىلا تولۇق ئاڭقىرالمىغانلىقىم مېنىڭ يەنە بىر چوڭ مەھرۇملۇقلىرىمدىن بىرى ئىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ياشاشتىكى مەقسەت ـ مۇددىئايىمنى تېخى تولۇق ئايدىڭلاشتۇرماي تۇرۇپ، بەھرىمەنلىك، مەھرۇملۇق توغرىسىدا قانداقمۇ تىل ئاچاي. ئادەم نېمىگە ئېرىششى كېرەكلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۆزىنىڭ نېمىدىن مەھرۇم ھالەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، نېمىدىن مەھرۇم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇش ئىستىكى ئويغىنىدۇ. مەسىلەن، بەزى ئادەملەرنىڭ بەخت ئىستىكى ۋە بەخت تەلىپى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر بىر ۋاق قورسىقى ياخشى غىزا بىلەن تويسا شۇنى بەخت دەپ قارايدۇ، بەزىلەر ماددىي پاراۋانلىقنى بەخت دەيدۇ، كۆپرەك پۇل تاپسىلا ئۇلارنىڭ بەخت تەلىپى ھەل بولىدۇ، بەزىلەر مەنىۋى جەھەتتىكى بەختنى ئارزۇ قىلىدۇ. بەزىلەر ھوقۇقنى بەخت دەيدۇ، ھوقۇققا ئېرىشسىلا ئۇلارنىڭ بەخت تەلىپى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قولىدىن ھوقۇق تارتىۋېلىنسا ئۆزىنى بەختسىز ھېسابلايدۇ. دېمەك، ئادەم نېمىگە موھتاج بولسا شۇنى قوغلىشىدۇ.

مەن يەنە ئۆزۈمدىن سورايتتىم: مەن زادى نېمە ئىش قىلىۋاتىمەن؟ ئەسلىي نېمە ئىشلارنى قىلىشىم كېرەك ئىدى؟ مەن بۇ دۇنياغا لازىم ئادەممۇ ياكى ئارتۇقچە يارىتىلىپ قالغاندىمەنمۇ؟ مەن بۇ دۇنياغا يۈك بولۇپ قالدىممۇ ياكى بۇ دۇنيا ماڭا يۈك بولۇپ قالدىمۇ؟ مېنى كىشىلەر ياخشى كۆرەمدىغاندۇ ياكى يامان كۆرەمدىغاندۇ؟ مەن بەزىدە ئۆزۈمنى شۇنچىلىك يەككە ـ يېگانە ۋە ئاجىز ھېس قىلىمەن، بەزىدە شۇنداق قۇدرەتلىك، پاراسەتلىك سېزىمەن. بۇنىڭ قايسىسى ھەقىقىي ئۆزۈمدۇ؟ بەزىدە شۇنچە ئۈمىدۋار، جاسارەتلىك بولۇپ كېتىمەن، بەزىدە روھسىزلىنىپ، ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ قالىمەن. مەن قايسىسىغا تەۋەدىمەن. قارىغاندا مۇنداق روھىي ھالەت ئادەمگە مەڭگۈ ھەمراھ بولىدىغان ئوخشايدۇ. بەزى سوئاللارغا مەڭگۈ جاۋاب تاپالماي كېتىدىغان ئوخشايمەن. ئاتا ـ ئاناممۇ، ئۇستازلىرىممۇ ئۆز ۋاقتىدا ماڭا يۇقىرىقى سوئاللارنى قويۇپ تۇرغان بولسا، جاۋاب تېپىشقا ئىلھاملاندۇرغان بولسا بەلكىم تۇرمۇشۇم، غايەم، مەقسىتىم، ھاياتقا قويغان تەلەپلىرىم، ھاياتنىڭ سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابلىرىم باشقىچىرەك بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بىراق، مۇنداق روھىي ئازاب مەندە خېلى كېچىكىپ تۇغۇلغان، نېرۋىلىرىممۇ خېلى كېچىكىپ ئويغانغان. تۇرمۇشتا يەنە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئادەملەر باركى، ئۇلار پۈتۈن ئۆمۈر بويى ئۆزىگە يۇقىرىقىدەك سوئاللارنىڭ بىرەرىنىمۇ قويۇپ باقماي دۇنيادىن ئۆتىدىغاندۇ. بۇنى بەھرىمەنلىك دەمدىمەن، مەھرۇملۇق ھېسابلامدىمەن؟ قەدىمكىلەر: «ھەر بىر تىنىقتا بىر بەھرىمەنلىك ھەم مەھرۇملۇق

بولىدۇ» دېگەنىكەن. بۇنى ئويلىسام يەنىلا ئۆزۈمدىن بەك ئۈمىدسىزلىنىمەن. بىراق، يەنىلا ئۆزۈمگە ئۆزۈم تەسەللى بېرىدىغان، قانائەت تېپىشقا ئىشتىراك قىلىدىغان ۋاستىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىمەن.

ئۇنىڭدىن باشقا مەن زادى نېمىگە ئەڭ كۆڭۈل بۆلىمەن، نېمىلەرگە كۆڭۈل بۆلەلمىدىم، ئەتراپىمدا نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، قانداق ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ، مەن قەيەردە قالدىم، باشقىلار نەدە كېتىپ بارىدۇ، مېنىڭ ھېسسىياتىم، تەسەۋۋۇرۇم، روھىم نەلەردە تېنەپ ـ تەمتىرەۋاتىدۇ، مەن ئۆزۈمگە قانچىلىك يېقىنلىشالىدىم، دۇنيا مەندىن قانچىلىك يىراقلىقتا؟ يۈسۈپ خاس ھاجىپ بوۋام: كېرەكلىك ئىشلارنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، مەنىسىز ئىشلار بىلەن ئۆمرۈمنى خورىتىپتىمەن، دەپ ئەپسۇسلانغانىكەن. شۇنداق، ئەسلى ئادەم ئەڭ ئاۋۋال نېمىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش، نېمىلەرنى بۇرۇن قىلىش، نېمىلەرنى كېيىنرەك قىلىش، كىشىلىك ھاياتتا ھەل قىلىۋېلىش ناھايىتى مۇھىم ئىش. بەزى ئىشلارنى ئون يىللاردىن كېيىن قىلىسىمۇ كېچىككەن بولمايدۇ، بەزى ئىشلارغا بىر كۈن كېچىكسە ئون يىل قوغلاپمۇ يەتكىلى بولمايدۇ. ئادەم بۇ دۇنياغا كەلگەنىكەن ئۆزىگە مەنسۇپ نەرسىلەرگە چوقۇم ئېرىشىپ كېتىش ئۈچۈن تىنىمسىز كۈرەش قىلىش كېرەك. ئۆزىگە مەنسۇپ نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولۇش بەخت، ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولالماسلىق بەختسىزلىكتۇر. بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا تىرىشماسلىق كۆلپەتتۇر.

### ھايات پۇرسىتى ۋە ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇش

ھاياتنىڭ ئۆزى پۇرسەت. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «ھايات دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالغا «ھايات دېگەن دەسمايە» دەپ جاۋاب بەرگەن، «ئۇنىڭ پايدىسى نېمە؟» دېگەن سوئالغا «پايدىسى ئىزگۈلۈك يەنى ياخشىلىق» دېگەن. ھەر بىر دەۋر كىشىلەرگە ئۆزىگە يارىشا پۇرسەتلەرنى بېرىدۇ، ئۇ پۇرسەتنى ھېس قىلالىغانلار ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، بەھرىمەنلىك ھوقۇقلىرىنى قولىغا ئالالايدۇ. پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغانلار ھەسرەت چېكىدۇ، لېكىن، ئۇ ھەسرەت ـ پۇشايمانلار ئۇنىڭغا قىلچە مەنپەئەت ئېلىپ كەلمەيدۇ. بەزى كىشىلەر نۇرغۇن مەھرۇملۇقلىرى ئۈچۈن پۇرسەت يوق دېگەن باھانىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق، پۇرسەت دېگەننى بازاردىن سېتىۋالىدىغان نەرسە ئەمەسلىكىنى، ئۈزلۈكسىز تىرىشىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر ئەخمەققە كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى بەخت قۇشى قونۇپ ئاجايىپ بىر پۇرسەت دۇچ كەپتۇ. بىر پەرى بۇ يىگىتنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. يىگىت ئۇنىڭغا شۇ ھامان ئاشىق بوپتۇ. قىز ئۇنىڭغا بىر شەرت قويۇپتۇ. بىر قىسمەت غەلدىرىكى بار بولۇپ، ئۇ خۇددى ئالەم گۈمبىزىدەك توختىماي ئايلىنىپ تۇرىدىكەن، قىز ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر سېھىرلىك چىراغنى قويۇپ شۇنداق دەپتۇكى: «ئەگەر سەن بۇ چىراغنى پىرقىراتقان قىسمەت غەلدىرىكىنىڭ ئۈستىدىن ئېلىۋالالىساڭ مەن ساڭا مەنسۇپ بولىمەن، ئەگەر ئۇنى ئالالمىساڭ سەن ماڭا مەنسۇپ بولىسەن، دەپتۇ. بىراق، نادان يىگىت بۇ شەرتنى جان دەپ ئورۇندىماي، ئەكسىچە: مېنىڭ ساڭا مەنسۇپ بولۇشۇم بىلەن سېنىڭ ماڭا مەنسۇپ بولۇشىڭنىڭ نېمە پەرقى بولسۇن، دەپتۇ. يىگىتنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلىغان پەرى: سەن ھەقىقەتەن ئەخمەق ئىكەنسەن، دەپلا كۆزدىن غايىب بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدەك كىشىلىك تۇرمۇشتا ئۆزىگە مەنسۇپ بولۇش بىلەن باشقىلارغا مەنسۇپ بولۇشنىڭ خاراكتېرلىك پەرقىنى تونۇيالماي تېنەپ ـ تەمتىرەپ ئەڭ ياخشى پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ، مەڭگۈلۈك مەھرۇم قېلىۋاتقانلار ئازمۇ.

ھازىرقى دەۋر چاقى تارىختىكى ھەر قانداق باسقۇچلاردىنمۇ تېز ئايلانماقتا. رىقابەت تېخىمۇ كەسكىن، كۈچلۈك، تاللىنىش ـ شاللىنىش قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىلا بولماقتا. ئەمما، پۇرسەت بىلەن خىرىسمۇ ئوخشاشلا بىزنىڭ ئالدىمىزدا ناھايىتى چوڭ. بۇرۇن دۇنيا ئىنتايىن چوڭ، ئېتىكى ئىنتايىن كەڭ ئىدى. ھازىر بولسا، دۇنيا خۇددى كىچىكلەپ كەتكەندەك بولدى. بۇرۇنقى بىر يىللىق ئۇزۇن مۇساپە ھازىر بىر قانچە سائەتلىك مۇساپىگە قىسقاردى. بۇرۇن كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلغان جاھاننامە ئەينىكى رېئاللىققا ئايلاندى. بۇنداق ئۆزگىرىشلەر، تەرەققىياتلار ھەممە ئادەمنىڭ نەزەرىدىن يىراق ئەمەس. شۇڭا، بۇ بىزنىڭ دېمەكچى بولغان ئاساسلىق پىكرىمىز دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى، پۇللا بولىدىغان بولسا

يۇقىرىقى زامانىۋى نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولۇش تەس ئەمەس.

ئۇنداق بولسا، بىز ھازىرقى زامانىۋى دەۋرگە مۇناسىپ كېلەمدۇق. بىزنىڭ ئېڭىمىزنىڭ مۇشۇنداق تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيلەشكەن، ئاڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئويغانغان، بىلىش چوڭقۇرلاشقان دەۋرگە ماسلىشىش ئىقتىدارى بارمۇ؟ دېگەن مەسىلە بىز دېمەكچى بولغان پىكىرنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى.

كۈندەك روشەنكى، بىز بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان، بىر دەۋرگە مەنسۇپ بولغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى نۇرغۇن مۆجىزىلىك ئەۋزەللىكلەرنى بارلىققا كەلتۈردى ھەم ئۇنىڭدىن بەھۇزۇر بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ. بىراق، يەنە نۇرغۇن ئادەملەر ئىنسانلارغا قۇلايلىق كەلتۈرىدىغان ئۇنداق زامانىۋى ئەۋزەللىكلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، باشقىلار ياراتقان ئەۋزەللىكلەردىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىمۇ يوق. بەزىلەر تۇرمۇشىمىزغا كىرىپ كەلگەن زامانىۋى قاتناش قوراللىرى، ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرىغا ئىگە بولغانلىقنى دەۋرگە ماس كەلگەنلىك ۋە زامانغا ماسلاشقانلىق، دەپ بىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە قىممەت باھالىق ئالىي ماشىنىلاردا ئولتۇرۇش، ئايروپىلانلاردا ئۇچۇش، زامانىۋى ئالاقە ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىش قاتارلىقلار مۇشۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن ياشىغانلىق، بۇ دەۋرنىڭ قەدىمىگە ياندىشىش، پەن-تېخنىكا ئېلىپ كەلگەن يېڭىلىقلاردىن بەھرىمەن بولۇش جەھەتتە مەلۇم ھوقۇققا ئىگە بولغانلىق ھېسابلانسىمۇ، ئەگەر ئادەمدە شۇنىڭغا مۇناسىپ ئاڭ بولمىسا، ئوتتۇرا ئەسىر ئادەملىرى زامانىۋى دەۋرگە كېلىپ قالغاندەك ئىش بولىدۇ. باشقىلار يۇكسەك تەرەققىي قىلغان، ئويغانغان ئېڭى بىلەن بۈگۈنگە تەۋە بولسا، ئاڭ تەرەققىي قىلمىغان، نادان، مەدەنىيەتسىز كىشىلەر ئۆتمۈشكە تەۋە بولىدۇ. زامانغا، دەۋرگە ماسلىشىش، تەڭ قەدەمدە ئىلگىرىلەش دېگەن ماھىيەتتە ئاڭ جەھەتتىكى، ئىقتىدار جەھەتتىكى ماسلىشىش نەزەردە تۇتۇلسا، بەھرىمەن بولۇشنىڭ مەزمۇنلىرى تېخىمۇ كەڭ، تەلەپ تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.



ئادەم ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان ئىنسانىي ئىقتىداردىن بەھرىمەن بولۇش—ئادەمگە ئەڭ قىممەتلىك نېمەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ. ئەڭ چوڭ مەھرۇملۇق-ئادەمنىڭ ئۆزىدە بار بولغان تەبىئىي ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولۇپ ياشاشتۇر.

بىلىش، ئۆگىنىش، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى ئادەمنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارلىرىنىڭ بىرى. بىراق، ئۆگىنىپ ئۆزىنى ئىنسان مەرتىۋىسىگە يەتكۈزۈشنى بەزىلەر زۆرۈرىيەت ۋە مەجبۇرىيەت دەپ قوبۇل قىلسا، بەزىلەر ئۇنى ۋەزىپە، دەپ چۈشىنىدۇ. شۇڭا، نۇرغۇن ئادەملەر شۇنچە بەدەللەرنى تۆلەپ ئۆگىنىش، تەرەققىي قىلىش، ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشسا، ۋەزىپە دەپ تونۇغانلار ئۈچۈن ھەر قانچە زورلاپ تاڭسىمۇ ئۇلار خۇددى باشقىلار ئۈچۈن ئۆگىنىپ بېرىۋاتقاندەك بېشىغا تاغ يىقىلىدۇ. مېنىڭچە، ئۆگىنىش ئادەم ئۈچۈن تەبىئىي زۆرۈرىيەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن باش تارتىش ئىنسانلىقتىن ۋاز كېچىشتۇر. ئۆگىنىش ۋە ياشاش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش—كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بارلىق

بەھرىمەنلىكنىڭ ئاساسى، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى. ئادەم قانچىلىك بىلىملىك بولسا، شۇنچىلىك قۇدرەتلىك بولىدۇ.

ئادەمگە ھەر بىر ئەزا ئامانەت ۋە مەنپەئەت ئۈچۈن بېرىلگەن. كۆز كۆرىدۇ، قۇلاق ئاڭلايدۇ، قەلب ھېس قىلىدۇ، تىل قەلبنى ئىپادىلەيدۇ. بىراق، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك، نەزەر دائىرىسى كەڭ ئادەملەرنىڭ يۇقىرىقى ئەزالىرىنىڭ رولى ۋە بېرىدىغان مەنپەئەتى بىلەن، بىلىمسىز، نادان ئادەملەرگە بېرىدىغان مەنپەئەتى ھەرگىزمۇ ئوخشىمايدۇ. گەرچە، ھەممە ئادەمگە قەلب، كۆز، قۇلاق، ئېغىز، مېڭە بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ رولىنى ئۇنۇملۇك جارى قىلىش جەھەتتىكى ئاسمان ـ زېمىن پەرق بىر تەرەپتىن شۇ قىممەتلىك، ئەزىز ئەزالارنىڭ ئاتا قىلىدىغان بەھرىمەنلىكلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شۇ ئەزالارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك نۇرغۇن گۈزەللىكلەردىن، ئالەمنىڭ سىرلىرىدىن، بۇ دۇنيانىڭ ئەۋزەللىكلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. بىلىمسىز، نادان ئادەم ئەمەلىيەتتە قەلبسىز، كۆزسىز، قۇلاقسىز، ئېغىزسىز ئادەمدۇر. چۈنكى، ئۇنداق ئادەمنىڭ قەلبى ھەق ـ ناھەقنى ھېس قىلىش، ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئېتىش، دوست ـ دۈشمەننى تونۇش قاتارلىق تەرەپلەردە ھەر قاچان يارامسىزلىقنى ئىپادىلەپ قويىدۇ. ئۇنىڭ كۆزى ھەم بۇ دۇنيانىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكىنى كۆرەلمەيدۇ، ئۇنداق ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشكارا بولۇۋاتقىنى ھەقىقىي ماھىيەت ئەمەس، بەلكى بىر سۈرەت. ئۇنىڭ قۇلىقى ئەڭ مەنىلىك، ھېكمەتكە تويۇنغان گەپلەرنى ئاڭلىيالمايدۇ؛ ئېغىزى ھەق سۆزلەرنى، چىرايلىق، مەنىلىك گەپلەرنى قىلالمايدۇ، مانا بۇ نادانلىقنىڭ بىزنى مەھرۇم قالدۇرىدىغان، بىزدىن تارتىۋالىدىغان بەھرىمەنلىك ھوقۇقى ۋە پۇرستى. ئۇيغۇرلاردا بىر ھېكمەت بار: «ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ، ھايۋان تۇياقتىن (سەمرىيدۇ)». بۇ، ئادەم كۆپ ئاڭلاش ئارقىلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىپ، قەلب سارىيىنى مەنىلەر بىلەن بېزەيدۇ، تەپەككۇرىنى بېيىتىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئادەمىيلىك قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە بولالايدۇ. ئادەمنىڭ كۆزى ئەگەر دۇنيانى كۆرۈپ، كۆزىتىپ ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەش ئۈچۈن رول ئوينىيالمىسا، ئۇ كۆرگەن نەرسىلەر پەقەت بىر شەكىل ۋە سۈرەتتىنلا ئىبارەت بولىدۇ. كۆپ نەرسىلەرنى بىلگەن، ئۆگەنگەن، دۇنيانى چوڭقۇر كۆزەتكەن ئادەملەر بىلەن، كۆزىنى پەقەت يول يۈرۈشتە ئەمالاردەك تاياققا تايانمايلا ماڭالايدىغان ئىقتىدار دەپ ياشايدىغان قەلبى كور ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك چوڭ پەرق بولسۇن! كونىلار شۇڭا: «كۆز دېگەن كاما نەرسە، كۆڭۈل كۆرمىسە بىكار نېمە» دېيىشكەن.

11 ـ ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلاردىن ئۇلۇغ بىر ئەما شائىر ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ كۆڭۈل كۆزى كۆرگەن دۇنيانى خېلى ـ خېلى كۆزى ئوچۇق ئادەملەر كۆرەلمەي بۇ دۇنيادىن كەتكەنغۇ! بۇ يەردە شۇ ئەما شائىر قەلبى كورلارغا تەۋسىيە قىلغان ھايات ھەقىقەتلىرىدىن بىر قانچە كەلىمنى مىسال قىلىش زۆرۈر تېپىلىۋاتىدۇ:

بىلىم ھەققىدە: « بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىناردۇر، بىلىمسىز نادانلار قىممەتسىز ياماقتۇر. بىلىملىك بىلەن بىلىمسىز ھېچقاچان تەڭ بولالمايدۇ».

تىل توغرىسىدا: « ئەگەر بىر كىشىدە مۇنۇ ئىككى نەرسە بىرىكسە، ئۇ كىشىگە ئادەمگەرچىلىك يولى ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، قۇرۇق گەپنى كۆپ قىلىش بولسا، ئىككىنچىسى، يالغان سۆزلەشتۇر».

ئاچكۆزلۈك ھەققىدە: « ئاچكۆزلۈك كىشى ئۈچۈن ياۋۇز خىسلەتتۇر، ئاچكۆزلۈكنىڭ ئاقىۋىتى غەم، ئۆكۈنۈش ۋە ھەسرەتتۇر. بايلىق ۋە گادايلىق خۇدانىڭ قىسمىتىدۇر. ئاچكۆزلۈك ئادەم ئۈچۈن پەقەتلا بىر قۇرۇق زەخمەتتۇر».

يۇقىرىقى ھېكمەتلىك بايانلار كۆزى كور بولسىمۇ، قەلب كۆزىنى بىلىم بىلەن نۇرلاندۇرغان شائىرنىڭ دۇنيادىن، ئۆزىدىن خەۋەرسىز نادانلارغا قىلغان سەممىي ئۈگۈتىدۇر. بۇنىڭدىن ھەر بىر ئادەم چوڭقۇر ساۋاق ئالغۇلۇق. ئەگەر كالللىمىزنىڭ ئۇلۇغ خاسىيىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالىساق ئۇ بىزنى دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ ھېكمەتلىك دانىشمەن ئادەمگە ئايلاندۇرىدۇ. ھەقىقەتنى كۆرەلىگەن، ھەقىقەت ئۈچۈن ياشىيالىغان ئادەم بىلەن جاھالەتكە پاتقان، زۇلمەتكە بەند بولغان ئادەمنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتى ئوخشامدۇ؟ ئىلىم تەلەپ قىلىپ ئۆيىدىن چىققان قەدەمنىڭ ھېكمىتى بىلەن قاۋاقخانىغا ماڭغان قەدەمنىڭ ئاقىۋىتىنى تەڭ قىلغىلى بولامدۇ؟ ئالىملار بىلەن سۆھبەت قۇرغان، يامانلارنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلغان، يامانلىقتىن توسقان تىل بىلەن، نادانلار بىلەن

سۆھبەت قۇرغان، شەيتاندەك ھەر قاچان كىشىلەرنى ياخشى، دۇرۇس يولدىن ئازدۇرۇپ، يامان، رەزىل يوللارغا باشلايدىغان مەلئۇننى بىر ئورۇنغا قويۇش دانالىق بولامدۇ؟

ئادەمنىڭ پايدىلىق ئۈگۈتلەرنى، ئاگاھلاندۇرۇشلارنى ئاڭلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى ئۇنى نۇرغۇن ياخشىلىقلار بىلەن، قۇتلۇق ئىشلار بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ھاياتنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئاچچىق تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىدىن ئىبرەت ئېلىش ـــ بىزنى نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلاردىن، يۈز بېرىش مۇمكىن بولغان پاجىئەلەردىن ساقلاپ قالىدۇ.

## ئادەم بىلگۈچى ھەم بىلىش ئۈچۈن ياشايدۇ

بىلىش ـــ ئادەمنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، ئۇ ھەم بىلىش، ئىجاد قىلىش ئۈچۈن يارالغان ئۇلۇغ مەۋجۇدات. ئادەم ئەگەر بىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولىدىغان بولسا، ئىنسانلىق ئالاھىدىلىكىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئادەم بىلىش، ئۆگىنىش ئۈچۈن بۇ دۇنياغا يارالغان، ئۇ بىلىش، ئۆگىنىش ئىقتىدارىغا تايىنىپ دۇنيانى بىلەلەيدۇ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ. بۇ دۇنيادىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقمۇ، ماسلىشىش ئالاھىدىلىكىمۇ قانچىلىك كۆپ نەرسىلەرنى بىلگەنلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

ئىنسانىيەت تارىخىدا نەچچە مىليارد ئادەم بۇ دۇنياغا كېلىپ كەتكەندۇ، ئۇلارنىڭ كۆپرەك بىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالىغانلىرى يۇقىرى ئىمتىياز، يۇقىرى قەدىر ـ قىممەتكە نائىل بولۇپ ئۆتۈپتۇ. ئۇلاردىن قالغان بەزى مىراسلار ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات يولىدىكى كۈچ ئۇلاش كالتىكى رولىنى ئۆتەپ، تەرەققىياتقا، يۈكسىلىشكە پىشانىلىق رول ئويناپتۇ. بىز ھازىر بەزى مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىمىز، ئۇ ئەسەرلەردىن شۇ بۈيۈك ئادەملەرنىڭ روھى، مەقسەتلىرى، دۇنيا قارىشى، ئەقلىي ئىقتىدارى، بايقاشلىرى، تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى بىلەن ئۇچرىشىمىز. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ گەۋدىسى ئالللىبۇرۇن تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ روھى ئىنسانىيەتكە ھەمراھ بولۇپ داۋاملىق ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بەزى شاھانە ـ شاھلار، خەزىنىسى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن تولغان بايلار ۋە باشقا ئىمتىياز ئىگىلىرىنىڭ مال ـ دۇنياسى، ئەمەلدارلىق تاجى ئۇلارنىڭ دۇنيادىن كېتىشى بىلەنلا باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭدىن بىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بىلەن، مال ـ دۇنياغا ئېرىشكەن ئادەمنىڭ بەھرىمەن بولغان ھوقۇقى ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك زور پەرقنىڭ بارلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ.

ئادەم نېمە ئۈچۈن ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئېسىل مەۋسۇملىرىدىن 20 يىلغا يېقىن ۋاقىتنى ئوقۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ. ھەتتا پۈتۈن ئۆمۈر بويى ئۆگىنىدۇ. بىكون: «بىلىم ـ كۈچ، كۈچ بولسا بىلىم» دېسە، مەھمۇد قەشقەرى: «قۇت (بەخت) بەلگىسى بىلىم» دەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «كىمگە بىلىمدىن ئۇلۇش تەگمىگەن بولسا، ئۇنى تىرىك دېمەي، ئۆلۈك ھېسابلا» دېگەن. ئۇ يەنە «بارلىق ياخشىلىقلار ئىلىمنىڭ خاسىيتىدىن بارلىققا كېلىدۇ، ئىلىم بىلەن كۆككىمۇ يول ئالغىلى بولىدۇ» دېگەن. بىلىش دېگەن ئادەمگە نېسىپ بولغان ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ قىممەتلىك قابىلىيەت. توغرا بىلىش ئادەمنى ھەقىقەتكە، مۇۋەپپەقىيەتكە يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئادەمنى ئۆز تەبىئىتىگە ئويغۇنلاشتۇرىدۇ. بىلىش ئارقىلىق ئىگە بولغان بۇ دۇنيا ئاجايىپ گۈزەل ۋە مۆجىزىلەر بىلەن توشقان بولىدۇ. ئۇ ئادەمنى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ. شۇڭا، ئىنساننىڭ بىلىش ھوقۇقى ـــ ئەڭ مۇقەددەس ھوقۇقلىرىنىڭ بىرى. ئەگەر ئادەم بىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلسا، باشقا ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇشىنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى قالمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭغا ھوقۇق بېرىلسە ئۇ ھوقۇقنى جارى قىلدۇرۇش ئىقتىدارى بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ئەركىن پىكىر قىلىش ھوقۇقى بېرىلسىمۇ، مۇستەقىل پىكرى بولمايدۇ. ئۇنىڭغا تاللاش ھوقۇقىنى بەرسە، ئەڭ كېرەكلىك نەرسىنى تاللىيالمايدۇ. ئومۇمەن، بىلىمسىز ئادەم باشقىلارغا سايىدەك ئەگىشىشتىن باشقىغا يارىمايدۇ. ئۆزىگە خاس مەۋقە، دۇنيا قاراش بولمايدۇ.

تارىختا نۇرغۇن بۈيۈك ئادەملەر ئۆتۈپتۇ، بىر كۈننى بىكار ئۆتكۈزگەن بولسا ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن كۈلپەت ھېسابلىشىپتۇ. چۈنكى، ئۇلار ھاياتنىڭ ئامانەت ئىكەنلىكىنى، ئىنسان ئۆمرىنىڭ قىممىتى قانچە يىللار ياشىغانلىقى بىلەن ئەمەس، بۇ دۇنياغا نېمىلەرنى تەقدىم قىلغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن. ئۇلار خەلقنى ئىلىم ـ ھېكمەت نۇرى بىلەن نۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىپتۇ. چۈنكى، ئۇلار بىر ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى بويى بىلەن ئۆلچەنمىگەندەك، مۇئەييەن بىر خەلقنىڭ

ئۇلۇغلۇقىمۇ ھەرگىز ئۇنىڭ سانى بىلەن ئەمەس، بەلكى ساپاسى بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ: ماڭا 400 مىڭ ئەسكەرنىڭ كېرىكى يوق، ساپالىق 40 مىڭ ئەسكەر بولسا دۇنيانى بويسۇندۇرالايمەن، دەپ تەربىيە كۆرمىگەنلەر بىلەن تەربىيە كۆرگەن، ساپالىق ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى قىممەتنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى.

ھازىرقى دۇنيا پەن ـ تېخنىكا دۇنياسى، ھازىرقى ئەگىلىك بىلىم ئىگىلىكى، ھازىرقى ئۆگىنىش پۇرسىتىنى تارىختىكى ھەر قانداق بىر دەۋرگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. قەدىمكى دەۋرلەردە نۇرغۇن مەشھۇر كىتابلار دۇنياغا كېلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدا شوتا بولۇپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئىنتايىن ئاز ئادەملەرلا بەھرىمەن بولالايتتى. كىشىلەرنىڭ دۇنيا بىلەن بولغان ئۇچرىشىشى ھازىرقىدەك مۇنداق قولايلىق ئەمەس ئىدى. دۇنيانىڭ بىر چېتىدە بارلىققا كەلگەن بىر يېڭىلىق بىر قانچە ئەسىرلەردىمۇ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا بارالمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن مائارىپمۇ ھازىرقىدەك ئومۇملاشمىغانىدى. ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى باشلانغۇچ ساۋاتىغىمۇ ئىگە بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ يەنىلا بەزى ئۇلۇغ ئادەملەر تەربىيىلىنىپ چىقىپ، نۇرغۇن ۋاقتى ۋە زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئىنسانلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، قۇدرەت كامالىتىنى نامايان قىلىدىغان مۆجىزىلىك ئىقتىرالارنى، ئۇلۇغۋار ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ كەتكەنىدى.

ھازىرقى دۇنيا خۇددى بىزنىڭ ئالقىنىمىزدىكىدەكلا كۆز ئالدىمىزدا شارائىت، ئىمكانىيەتلەر، ھەممە ئەۋزەللىكلەر ھازىر تۇرۇپتۇ. ئۆيىمىزدە ئولتۇرۇپلا دۇنيانىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن شۇ كۈنى ۋاقىپ بولالايمىز، مەيدانغا كەلگەن مەدەنىيەت يېڭىلىقلىرىدىن خەۋەردار بولالايمىز. تور ئارقىلىق دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كۇتۇپخانىلارغا كىرىپ خالىغان كىتابلارنى ئوقۇيالايمىز. تىل ئۆگىنەي دېسەڭ تىل ئۆگىنىش مۇھىتى ھەر جەھەتتىن ھازىرلانغان. مەكتەپلەرمۇ مۇنتىزىملاشقان، جۈرئىتى، ئىرادىسى بار ئادەمگە دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ دەرۋازىسى ھەر قاچان ئوچۇق، ئۆگىنىش نىيىتى بار ئادەمگە پۇرسەت كۆپ، شارائىتمۇ بار. بۇنىڭغا باشقا باھانە كۆرسىتىش ھۇرۇنلۇق، كاززاپلىق بولىدۇ. بۇ پۇرسەتتىن ياخشى پايدىلانغانلار زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىۋاتىدۇ. بۇ پۇرسەتنى، ئىمكانىيەتنى قولدىن بەرگەنلەر دۇنيادىن، دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەردىن بىخەۋەر قۇدۇقنىڭ ئاستىدىكى پاقىدەك ياشىماقتا. ئەگەر بىلسەك، بۇرۇنقىلار باسقان نەچچە يىللىق، نەچچە ئون يىللىق ئىلىم تەھسىل قىلىش باسقۇچلىرىنى بىر يىلدا، بىر قانچە يىلدا تاماملاش مۇمكىن. ھازىر تۇرمۇش رىتىمى تېز بولغان بىلەن، شۇنىڭغا تۇشلۇق ئىمكانىيەتلەرمۇ ھازىرلانغان. ئەگەر بار ئىمكانىيەتلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانساق، ئاندىن دۇنيانىڭ قەدىمىگە ياندىشىپ ماڭالىغىدەك ئىقتىدارغا ئاساس سالالايمىز. ئۇنداق بولمايدىكەن ئىنسانلارنىڭ قەدىمى بىزدىن بارغانچە يىراقلاپ كېتىدۇ، بىز خۇددى تاشلاندۇق ئادەملەردەك، باشقا پىلانىتتىن كەلگەن ئادەملەردەك بۇ دۇنيا بىزگە ناتونۇش بولۇۋېرىدۇ. بىز دۇنيانى تونۇمىساق، دۇنيانىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ياندىشالمىساق، دۇنيانىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشالمىساق دۇنيامۇ بىزنى كېرەك قىلمايدۇ. بىز مانا شۇنى ئەڭ چوڭ مەھرۇملۇق دەپ قارىساق بولىدۇ.

**ئاپتورلار سەمىگە:**

**ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەن ئاپتورلارنىڭ بۇندىن كېيىن قەلەم ھەققى ئەۋەتىشىمىزگە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق تەپسىلىي ئادرېسى ۋە ئىسىم ـ فامىلىسىنى كىملىكىدىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تولۇق يېزىپ ئەۋەتىشنى، شۇنداقلا ئەۋەتكەن ئەسەرنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۆزى ساقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەسەر قايتۇرۇلمايدۇ.**

**«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى**




### ئۆلاغ ئۈركتمسەك ھېچ گەپ يوق ئىكەن

بىر كۈنى، بىر توپ يىگىتلەر بىر ئەخمەق گۆركارغا:

— ئاداش، سەن دائىم مېيىتلەرنى لەھەت ئە-چىگە ئەكىرىپ، يەرلەپ چىقىسەن. لېكىن يەتتە كەتمەن توپا تاشلىغاندىن كېيىن، پەرىشتىلەرنىڭ كىرىپ سوراق قىلىدىغانلىقىنى تېخى كۆرمىدىڭ، نامىڭنى تېخىمۇ چىقىرىش ئۈچۈن سەن مۇنۇ كو-لاپ قويغان گۆرگە كىرىپ ياتساڭ، بىز يەتتە كەتمەن توپا تاشلاپ، تىڭشاپ تۇرايلى. سەن ئۇ يەردە كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىڭنى بىزگە سۆزلەپ بەرسەڭ، — دەپتۇ.

گۆركار بۇ ئىشقا دەرھال ماقۇل بوپتۇ ۋە قەبرىگە كىرىپ يېتىپتۇ. يەتتە كەتمەن توپا تاشلىغاندىن كېيىن تىڭشىسا ھېچ تىۋىش يوق، بىراق بىردەمدىن كېيىن يىراقتىن بىر ئاۋاز ئاڭ-لىنىپ، بارا — بارا يېقىنلىشىپتۇ. گۆركار دەسلەپتە سەل قورقۇپتۇ. كېيىن كارۋان قولدۇرمىلىرىنىڭ ئاۋازى يەر ئاستىغا غەلىتە ئاڭلىنىشقا باشلىغاندا گۆركار بەك قورقۇپ كېتىپ، يەر ئۈستىگە ئاپئاق توپىغا مىلىنىپ چىقىپتىكەن، كارۋان ئۇلاغلىرى ئۈركۈپ كېتىپ، ئۇلاغ ئۈستىدىكى يۈكلىرى چېچىلىپ، ئۇلاغلار قېچىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن كارۋانلار گۆركارنى تازا ئۇرۇپ قويۇۋېتىپتۇ. بۇ چاغدا يىراقتا ماراپ تۇرغان يىگىتلەر يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— قەبرىدە نېمە كۆردۈڭ؟ پەرىشتىلەر كەل-دىمۇ؟ — دەپ تەرەپ — تەرەپتىن سوئال سوراپ-تىكەن، گۆركار:

— ئەي ئاغىنىلەر، كارۋاننىڭ ئۇلاغلىرىنى ئۈركۈتمىسەڭلەر، ئۇ يەردە ھېچ ئىش يوقكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

چوڭ ھەجىملىك ئەسىرى ئالدىمدا تۇرىدۇ. ئېھتىمال مەن بۇ ئەسەرنىڭ تۈنجى ئوقۇرمىنى بولۇشۇم مۇمكىن. ئەسەرنى ئوقۇپ تاماملىغاندىن كېيىنكى ھېسسىياتىم مەندە بىر ياخشى ئەسەرنىڭ تۈنجى ئوقۇرمىنىدە بولۇشقا تېگىشلىك پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلدى. شۇنداق، ئەسەر ئورېگىنالىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇرلىرىنى ئوقۇپ بولۇپ، كۆزۈمنى يۇمغىنىمچە بىر ھازا سۈكۈتتە ئولتۇردۇم. بۇ سۈكۈت بىر ياخشى روماننى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىنكى بەدىئىي زوق جەريانىغا ياكى گۈزەل بىر سىمفونىيىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىنكى قەلبتىن سىرغىغان ئىزگۈ ھېس-تۇيغۇلارغا ئوخشمايتتى... بىر قانچە كۈن خىياللىرىم ئۆمەرجان ئەمىننىڭ ئەسىرىدە تەسۋىرلەنگەن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە قوشۇلۇپ دەريا بويى يېزىسىدىكى ھەر قايسى توقايلىقلاردا، قارا دۆڭ ۋە يۇمىلاققۇم قەدىمىي شەھىرى خارابىلىرىدە، كېرىيە دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى بولغان ئىبراھىم كۆل ئەتراپلىرىدا چۆرگىلەپ يۈردى. قىسقىسى، مەن بۇ ئەسەرنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، تارىم ئويمانلىقىغا دۇملەنگەن قەدىمكى مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى داۋاملاشتۇرغۇچىلىرى ھەققىدە ئەمدى يەنە چەت ئەللىك نامى ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ ئەسەرلىرىگە داۋاملىق چوقۇنىدىغان دەۋر ئاخىرلىشىپتۇ، دېگەن ئويغا كەلدىم.

شۇنداق، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزدىنمۇ بەكرەك چۈشىنىدىغانلار بولمايدۇ. بىز ئۇزاق زامانلار ئۆزىمىزنىڭ سالاھىيىتىمىزنى، مەدەنىيەت كىملىكىمىزنى ۋە روھ ئارخىپلىرىمىزنى دۇنياغا چۈشەندۈرەلمىگەن. بەلكى، بۇ باشقىلار تەرىپىدىن ۋاستىلىك ھالدا چۈشەندۈرۈلگەن. بىر خەلقنىڭ مەدەنىيەتتىكى كىملىكىنى شۇ خەلقنىڭ ئۆزىدىن يېتىشىپ چىققان چۈشەندۈرگۈچىلا ئەڭ تولۇقى بىلەن ئىزاھلىيالايدۇ، ئەلۋەتتە.

2

«زېمىن نەپەسلەنسە بىزمۇ ياشايمىز، زېمىن نەپەستىن توختىسا بىزمۇ ھالاك بولىمىز...». نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى جىبران خېلىل جىبران ئۆز خاتىرىسىگە شۇنداق دەپ يازغانىدى.

دەرۋەقە، بىزنىڭ روھىمىز، جېنىمىز ھەم تىنىقىمىز زېمىننىڭ نەپىسى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن. شۇڭا، دۇنيانىڭ ئوخشاشمىغان جايلىرىدا ياشاپ كەلگەن تۈرلۈك ئىرقتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جۇغراپىيىلىك بەلۋاغلارغا بولغان چۈشەنچىسى ۋە مۇھەببىتى باشقىلاردىن ھامان چوڭقۇرراق بولۇپ كەلگەن. ئوكيانىيە قىتئەسىدە ياشايدىغان يەرلىك خەلقلەرنىڭ جەنۇبىي يېرىم شاردىكى دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈش ۋە پەسىيىش قانۇنىيىتىگە بولغان تەبىئىي چۈشەنچىسى ھامان باشقىلاردىن يۇقىرى بولۇپ كەلگەن؛ شىمالىي قۇتۇپ ئەتراپىدا ياشايدىغان ئېسكىموسلارنىڭ قىش-ياز ئاپئاق قار قاپلىغان ئاشۇ زېمىنغا بولغان مۇھەببىتى ئەزەلدىن باشقىلاردىن كۈچلۈكرەك بولۇپ كەلگەن... بۇ ھال ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ تىلىدا تېخىمۇ جانلىق ۋە ئوبرازلىق ئەكس ئەتكەن، مەسىلەن، موڭغۇل تىلىدا چارۋىچىلىققا ئائىت سۆز-ئاتالغۇلار ناھايىتى مول بولۇپ، ئات، كالا، قوي قاتارلىق چارۋىلار يېشى، تۈرى، رەڭگىگە ئاساسەن ناھايىتى ئىنچىكە ئاتالغۇلارغا ئايرىلغان؛ سكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ياشايدىغان سامىلاردا بۇغا ۋە قار-مۇزغا دائىر سۆز-ئاتالغۇلار، خەنزۇ تىلىدا ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ۋە ئەمەل-مەنسەپ ئاتالغۇلىرى، سىرىلانكا تىلىدا بانانغا دائىر ئاتالغۇلار، ئەرەب تىلىدا تۆگە ۋە قۇملۇققا دائىر ئاتالغۇلار، بۇرۇنقى لوپنۇر دىئالېكتىدا بېلىقچىلىققا دائىر سۆز-ئاتالغۇلار ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. بۇ ھادىسە ئوخشىمىغان جۇغراپىيىلىك رايونلاردا ياشىغۇچى تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ ئۆز تۇپرىقىغا بولغان تونۇشى ۋە بىلىم زاپىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇنداق ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ قان-تەرى بەدىلىگە يەر يۈزىدە ئۆز جەننىتىنى قۇرۇپ چىقتى. يەنە كېلىپ، ئىنسانلار يەر يۈزىدىكى بۇ جەننىتىنى تەبىئەتنى چۈشىنىش، پەملەش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ھېسابىغا بەرپا قىلدى. شۇڭلاشقا، تەبىئەت ئىنسانلارغا قۇچاق ئاچقان، ھامىيلىق قىلغان، ئۆزىنىڭ نازۇ-نېمەتلىرىنى سېخىيلىق بىلەن ئىنسانلارغا ھەدىيە قىلغان؛ ئىنسانلارمۇ تەبىئەتنى سۆيگەن، پەملىگەن، زېمىننىڭ تىنىقىغا جۆر بولۇپ ياشىغان. ئۇرخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق»، «ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپراق بىنا بولغاندا، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا ئىنسان بالىسى يارىتىلغانمىش» دېگەن خاسىيەتلىك ئۇدۇملارنى ئۇلۇغلىشى، ھەتتا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر تارىم بوستانلىقلىرىدىكى تېرىم ھاياتىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي ئىگىلىك شەكلى قىلىپ كەلگەن خەلقىمىزنىڭ «يەر ئالتۇن قوزۇق» دېگەن ئەقىدىگە چىڭ ئېسىلىپ ياشىشى ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى گارمونىك بىرلىك ۋە مۇھەببەتنىڭ يارقىن ئىپادىسىدۇر.

3

ئۆمەرجان ئىمىن «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت» ناملىق چوڭ تىپتىكى ئەسىرى ئارقىلىق تارىم مەدەنىيىتىنىڭ بۈگۈنكى مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىزگە ئايان بولمىغان ئىچكى يۈزىنى ئېچىپ كۆرسەتكەندەك قىلىدۇ. كىتابنى ئوقۇغان ھەر قانداق ئوقۇرمەن ئاپتورنىڭ ئەسەرنى يېزىشتىكى ۋىجدان ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى، ئەمەلىي تەكشۈرۈشنى كىتابىي نەزەرىيىلەردىن ئۈستۈن قويىدىغان ئىلمىي پوزىتسىيىسىنى، شۇنداقلا مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارە-تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشتەك دادىل روھىنى ھېس قىلماي تۇرالمايدۇ. مېنىڭچە، بۇ

ئەسەرنىڭ قىممىتى، يېڭىلىقى ۋە ئۆزگىچىلىكى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلەنگەن:

«تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت» ناملىق كىتابتا ئاپتور ئىلگىرىكى تەتقىقاتلارغا ئوخشىمىغان ھالدا ئەمەلىي تەكشۈرۈش، ئېكسپېدىتسىيە ۋە قېدىرىش ئارقىلىق دەريا بويىدىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي مەدەنىيەت ئارىلىنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقىنى ئىشەنچلىك ھالدا يورۇتۇپ بەرگەن. ئاپتورنىڭ نۇرغۇن مۇشەققەتلەر تارتىپ «قۇملۇق ئەركىسى» ناملىق ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى تەشكىللەشى، دەريا بويىنى ۋاقىتلىق سەيياھ سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى، كەسكىن ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈشى، ئۆزى ئۇچراشقانلىكى ھادىسلەر ۋە ۋەقەلەرنى ئەڭ ئىنچىكە كۆز بىلەن كۆزىتىشى بىزگە بۇ ئەسەر ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان زېھنىي كۈچ ۋە ئېنېرگىيىنىڭ قانچىلىك كۆپلۈكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

بۇ كىتاب ئاپتورنىڭ بىر قانچە يىللىق يۈرەك قېنى، نۇرغۇن مۇشەققەتلىرى، ئازابلىق ئىزدىنىشى ۋە ئىلمىي تەپەككۇرىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە ئاخىر يورۇقلۇققا چىقىش ئالدىدا تۇرىدۇ. كىتابنىڭ يورۇقلۇققا چىقىش جەريانىدىكى جاپالىق تەكشۈرۈش – تەھرىرلەش جەريانىغا تەر ئاققۇزغان كىشىلەرنىڭ غەرەزسىز ئەمگەكلىرىمۇ ئەسەرنىڭ ھەر بىر قۇرلىرىدىن ئايان بولۇپ تۇرۇپتۇ. شۇڭلاشقا، بۇ ئەسەرنى ئوقۇغان كىشى ئورتاق مەقسەت ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان كوللېكتىپ ئىزدىنىشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى، ئىلمىي ئۇيۇشقاقلىقنىڭ يېڭىلىق يارىتىشتا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي تۇرالمايدۇ.

بۇ ئەسەر كۆپ خىل پەنلەرنىڭ كېسىشمە نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئۇزاق مەزگىل ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ زەرەتلىشىدىن خالىي تۇرۇپ كەلگەن دەريا بويىدىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي مەدەنىيەت بەلۋېغىغا، تەكلىماكاندىكى ئۈستى ئوچۇق ئېتنوگرافىيە مۇزېيىغا كەڭ كۆلەمدە نەزەر ئاغدۇرغان. ئەسەردە دەريا بويىنىڭ بىنا بولۇش تارىخىدىن باشلاپ، «باراق» ۋە «تەكە» جەمەتلىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانىغىچە، يۇمىلاققۇم ۋە قارا دۆڭ قەدىمىي شەھەرى خارابىلىرىدىن تارتىپ، دەريا بويىنىڭ ھەر قايسى توقايلىقلىرىغىچە، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئىنچىكە تۇرمۇش ئادەتلىرىدىن تارتىپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ پىنھان ھېس – تۇيغۇلىرىغىچە سىستېمىلىق ۋە قايىل قىلارلىق بايان بېرىلگەن. شۇڭلاشقا، پۈتۈن ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدىن ئاپتورنىڭ تارىخشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە، فولكلور، ئېتنوگرافىيە، مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى، تىلشۇناسلىق، قۇرغاق رايون جۇغراپىيىسى قاتارلىق كۆپ خىل پەنلەر ۋە تەتقىقات ئۇسۇلىغا مۇراجىئەت قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئاپتورنىڭ دەريا بويى ۋە بۇ يەردە ياشىغۇچى يەرلىك خەلققە بولغان مۇھەببىتى كىشىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ. تارىم ئويمانلىقىدا ئىلگىرى ئېكسپېدىتسىيە قىلغان نۇرغۇنلىغان ئىلمىي خادىملارغا ئوخشىمىغان ھالدا، ئاپتورنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەدەنىيەتتىكى كىملىكى يەرلىك تارىملىقلارغا مەنسۇپ. شۇڭا، ئۇ تەكلىماكاندىكى بۇ خىلۋەت بەلۋاغدا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى باشقا ھەر قانداق تەكشۈرگۈچىدىنمۇ ياخشىراق چۈشىنىدۇ. ئاپتورنىڭ ئۆزىمۇ تۇغۇلۇشىدىنلا مۇشۇ تۇپراقنىڭ تىنىقىنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان؛ مۇشۇ زېمىندىكى كىشىلەرنىڭ تىلىدا سۆزلەپ، مۇشۇ تىل بىلەن دۇنيانى چۈشەنگەن؛ تەكلىماكاندىكى بارخانلارغا بەخشەندە قىلىنغان سۆكۈتنىڭ ئىچكى مەنىسى، توغراق يوپۇرماقلىرىنىڭ سەلكىن شامالدا پىچىرلاشلىرى، تارىملىقلارنىڭ قۇملۇق بىلەن بولغان ئىچكى دىئالوگلىرى ئاپتور ئۈچۈن سىر ئەمەس. شۇڭلاشقا، ئۇ بۇ ئەسىرىدە دەريا بويىلىقلار بىلەن سىرتتىن كەلگەن باشقا ھەر قانداق كۆزەتكۈچىگە قارىغاندا ئەڭ يېقىن دەرىجىدە مۇڭدىشالىغان، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ قانداقتۇر باشقىلار ئويلىغىنىدەك «ياۋايى» قوۋم بولماستىن، بەلكى، ۋۇجۇدى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ تۈرلۈك باكتېرىيىلىرىدىن خالىي، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئىكەنلىكىنى؛ ئۇلارنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتى، ھېسسىياتى، ئويى، گۈزەللىك قاراشلىرى، قىممەت ئۆلچىمى ۋە ئارزۇ – ئىستەكلىرىنىڭ تەكلىماكاندىكى بوستانلىق خەلقلىرىنىڭ ئەڭ پاكىز بىر قاتلىمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى شەرھلىگەن.

تېخىمۇ قىممەتلىك بولغىنى شۇكى، ئاپتور ئەسەردە دەريا بويى يېزىسىنىڭ پۈتكۈل ئېتنوگرافىيىلىك تەسۋىرىنى سىزىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بۇ يەردە يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈۋاتقان تەبىئىي مۇھىت، ئادىمىيەت روھى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى جىددىي ئۆزگىرىشلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. كىتابتا تەكىتلەنگەن بەزىبىر جىددىي مەسىلىلەر ئوقۇرمەندە كۈچلۈك تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ئويغىتىدۇ. بولۇپمۇ، كىرىزىس ئىچىدە قالغان بۇ مەدەنىيەت بەلۋېغىنىڭ جىددىي رەۋىشتە زامانىۋى دولقۇنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى ۋە كۆنساناپ ئۆزگىرىشى كىشىدە بىلىپ بولمايدىغان بىر خىل تراگېدىيە ئېڭىنى قوزغايدۇ.

قىسقىسى، «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت» ناملىق بۇ ئەسەر دەريا بويىدىن ئىبارەت بۇ كۆزنەك ئارقىلىق بىزنى تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كېلەچىكى ئۈستىدە كەسكىن پىكىر يۈرگۈزۈشكە دەۋەت قىلىدۇ. بىزگە يەنە ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان، ئەمما ۋاز كېچىشكە ئەسلا بولمايدىغان بۇرچ تۇيغۇسىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

4

قىممەتلىك ئوقۇرمەن!

ئۆمەرجان ئىمىن بۇ ئەسىرى ئارقىلىق بىزگە تارىمنىڭ يۈرىكىدە ئەسىرلەر بويى كۆيۈپ كەلگەن ئوتنىڭ ئىچكى ھارارىتىنى ئېچىپ بەردى. بۇ كىتابنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشى تەكلىماكاننىڭ كىندىكىدىن ئورۇن ئالغان دەريا بويىنىڭ سىرلىق چۈمبىلىنى ئېچىپ تاشلىدى. ئەمدى دەريا بويى ھەققىدىكى رىۋايەت تۈسى قويۇق بولغان فانتازىيىلەر خۇددى ئۆمۈچۈك تورىدەك چۇۋۇلۇپ كەتكۈسى. ھەر بىر ئوقۇرمەن بۇ كىتابنى قولىغا ئالغىنىدا ئانا تىلنىڭ چەكسىز مەنە ئىمكانىيەتلىرى ئىچىدە تارىم مەدەنىيىتىنىڭ يۈرەك سوقۇشىغا قۇلاق سېلىپ باققۇسى! ئاخىرىدا ئابدۇلباسىت ئابدۇراھماننىڭ «ئانا ناملىق داستانىدىكى تۆۋەندىكى مىسرالار ئارقىلىق سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇراي:

ئانا،
تەكلىماكان
جايىنامىزىڭدەك ئۇلۇغ بىر زېمىن.
سۈكۈناتتا دۇرت ئوقۇيدۇ،
ئۇنىڭدىكى بارچە مەخلۇقات.
قۇم باغرىدا سېنىڭ بىر كەپەڭ،
كەپەڭدە بار قازان ـ قومۇچۇڭ،
ساپال قاچاڭ، ياغاچ قوشۇقۇڭ،
ئىسلىق مورا، قىيسىق ئوچۇقۇڭ،
مورا بېشىدا ساپال چىرىغىڭ،
ساڭا ھەمراھ بىر يارغۇنچىقىڭ،
سۇپۇراڭدا تاختا نوغۇچۇڭ،
سۆيۈملۈكۈڭ ياۋاش مۈشۈكۈڭ،
بىزنى باققان كونا بۆشۈكۈڭ،
ئۆڭۈپ كەتكەن كونا ئۆتۈكۈڭ،
قوزۇقتىكى كۆرپە تۇمىقىڭ،
ئوچاقتىكى قارا چۆگۈنىڭ،
تەكچەڭدىكى بىرلا چەينىكىڭ،
ئاھ!

غېرىب ئانا،
شۇدۇر سېنىڭ تۇرمۇش بۇيۇمىڭ.
دوك بولۇپ كەتكەن ئۇزۇن ئۆمرۈڭدە،
شۇدۇر سېنىڭ تاپقان ـ تەرگىنىڭ.
ئۇيقۇدىكى كىروران خانىش،
كۆرگەنمىدۇ سېنى چۈشىدە.

ئانا،
بىزنىڭ يۇرتتا تەكلىماكاندا،
ھالسىرايدۇ قوشتىكى كالا،
قىرقىرايدۇ بۆشۈكتە بالا.
پىترىشىدۇ تەرەپ ـ تەرەپكە،
غالجىر ئىتتىن ھۈركىگەن پادا.
قورۇنىدۇ شۇنچە ئۇياتچان،
قىز بالىدەك يۈرەكسىز دالا.
بۇ دالىدا ئادەم بەك تولا.
غېچىرلايدۇ توپىلىق يولدا،
مايسىرىغان ياغاچ ھارۋا.
ئىشتان بېغى ساڭگىلاپ قالغان،
تىزى يىرتىق يالاڭئاياغ بالا،
يۇدۇۋېلىپ كونا بوغچىنى،
ئوقۇماقتا مۇشۇ سەھرادا.
مۇمسىنىڭ چۆچەكلىرىنى.
ئۇ تىڭشايدۇ كۆلۈڭ ئالدىدا،
تىڭشاپ ـ تىڭشاپ ئۇخلاپ قالغاندا،
كۆرەر تېخى شېرىن چۈشلەرنى.
چىقىۋېلىپ ئۇچار گىلەمگە،
كۆرۈپ كېلەر گۈزەل شەھەرنى.
تېپىۋالار گاھىدا تېخى،
خاسىيەتلىك «ئۇر توقماق»نىمۇ،
ئۇچراپ قېلىپ چىن تۆمۈر باتۇر،
بېرەر ئاڭا «مىسران قىلىچ»نى.

ئانا،
ئانا ئۈچۈن ۋەتەن بىر بالا،
بالا ئۈچۈن ۋەتەن بىر ئانا،
شۇڭا دەيمىز تىنچلىق ياخشى.
ھەر كىشىنىڭ ۋەتىنى بولسا،
ئۇنى شۇنداق قۇچاقلاپ سۆيسە،
ئەنە شۇدۇر تىنچلىق دېگەن،
ئەنە شۇدۇر قۇربان بېرىش ھەم،
ئەنە شۇدۇر ۋىجدان دېگەن ھەم.
ۋەتەن،
كىرپىكىڭدە تۈنەيدۇ،
قۇش چۆجىسىدەك.

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا



# تېپىشماقلار

توختاش بەكرى

1

ھولۇ ـ ھولۇ، ھولۇمەت،
ئىچى قىزىل قىيامەت.
ھۆل كىرىپ قۇرۇق چىقار،
يامۇستاپا مۇھەممەد
(تونۇر)

2

ئاش ئىچمەيدۇ مۇشۇكۇم،
سۇ ئىچمەيدۇ مۇشۇكۇم.
تاۋار ـ دۇردۇن ئىچىدە،
يورغىلايدۇ مۇشۇكۇم.
(دەزمال)

3

ئاق داستىخان ئۈستىدە،
قارا مېھمان ئوينايدۇ.
تۇمشۇقىدا گۈل چېچىپ،
ئۇن چىقارماي سايرايدۇ.
(قەلەم)

4

ئالا چاپان كىيىۋالغان،
ئۇزۇن قۇيرۇق باتۇرۇم.
«توركۇ، توك، ياپىرىم» دەپ
يەرنى تەشكەن باتۇرۇم.
(خوراز)

5

ئايشەمگۈلدە بىرى بار،
خۇرشىدەمدە يوق.
ئابلىكمدە بىرى بار،
ئەرشىدىندە يوق.
(«ئا» ھەرپى)

6

ئاتا ھەم ئانىسىدا،
سەللە بىلەن ساقال بار.
يېڭى تۇغقان بالىسىدا،
سەللە يوقتۇر، ساقال بار
(ئۆچكە ـ ئوغلاق)

7

ئاتقا مىنمەس،
ياياق يۈرمەس.
بۇرنى بىر،
قۇلىقى كىر.
(ئۇرىق ـ چۆگۈن)

8

كۈندە ئوقۇيمەن،
ئارانلا بىر بەت.
ئىشقا نەگرە بار،
تاپالمىساڭ سەت.
(كالېندار)

9

بىر ئات كۆردۈم، جېنى يوق.
تومۇرىدا قېنى يوق.
قاپ بېلىدە قۇيرۇقى
قۇلىقى ھەم بېشى يوق.
قۇچىقىدا بۇ ئاتنىڭ،
بوۋاق ياتار بۇدۇرۇق؟
(بۆشۈك)

10

ئېغىز، بۇرۇن، قۇلاقسىز،
گېپى تولا ـ ساناقسىز.
كۆرۈپ باقماي ئىچىنى،
بىلىشكىمۇ قۇلايسىز.
سۆزى شېرىن ھەم نۇرلۇق،
دىلغا شولا چاچىدۇ.
قۇۋۋەت ئېلىپ ئىنسانلار،
پەرۋاز قىلىپ ئۇچىدۇ.
بولساڭ ئامراق ئۇنىڭغا
ساڭا قۇچاق ئاچىدۇ.
سۆزلىرىگە تويمايسەن.
بۇنى كىم تېز تاپىدۇ؟
(كىتاب)

11

ئىككى ئىناق بىر تۇغقان،
بەكمۇ ئامراق ئىككىسى.
ئەگەر بىرى بولمىسا،
كەلمەس تاماق يېگۈسى.
(چوكا)

12

كۆكتە پاختا لەيلەيدۇ،
گاھ چۈشىدۇ، ئۆرلەيدۇ.
ئۆز شەكلىنى ئۆزگەرتسە،
ئېتىز، باغلار كۆكلەيدۇ.
(بۇلۇت ۋە يامغۇر)

13

كۆز ئېچىپ كۆرمەيمىز،
قول سۇنۇپ تۇتالمايمىز.
سىز ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ،
بىر مىنۇت تۇرالمايسىز.
(ھاۋا)

14

كىچىككىنە قۇتىدا
كۆردۈم مەن بىر جانىۋار.
ئۇ جانىۋارغا ھەيرانمەن،
جېنى يوقۇ، خۇيى بار.

ئايلاندۇرۇپ بېشىنى،
قارىسامۇ ھەرياققا.
جاھىللىقى بەك قاتتىق،
قارىۋالار بىر ياققا.

تاغۇ ـ تاش، چۆل ـ دېڭىز،
سەپەر قىلساڭ كېرەكلىك.
ئۇنىڭ بىلەن ئاداشماي،
ماڭالايسەن يۈرەكلىك.
(كومپاس)

ئاپتور: غۇلجا ناھىيىلىك سىياسى كې-
ڭەشتە

# ئۇيغۇرلاردا جۇۋان توي



ئىلگىرىكى چاغلاردا خوتەندە توي قىلمىغان قىزلارنىڭ بېشىنىڭ ئالدى قىسمىغا ماڭلاي چاچ قويۇلۇپ، ئىككى قېشىنىڭ ئۈستىدىن تەكشى قىرقىلاتتى. بېشىدىكى باشقا چاچلار شۇ قىز نەچچە ياشتا بولسا، شۇنچە ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈلەتتى. توي قىلغاندىن كېيىن، تۇنجى بالىسىنى تۇغقانغا قەدەر «سېكىلەك» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ مەزگىلدە، ئۇلارنىڭ ماڭلاي چېچى ئەسلىدىكى بويىچە قالدۇرۇلغاندىن سىرت، ئىككى چېكىسىنىڭ ئاستىدىكى بىر قىسىم چېچى كەينىگە تارالماي قۇلاق ئالدىدىن پەسكە قويۇپ بېرىلىپ، قۇلاق يۇمشىقى ياكى ئۇنىڭ ئاستىدىراق قىرقىلاتتى. بۇ خىل چاچ «سېكىلەك چېچى» دەپ ئاتىلاتتى. قالغان چاچلىرى كەينىگە تارىلىپ، ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈلەتتى. سېكىلەكلەر تۇنجى تۇغۇتىدىن كېيىن، ئەمما ئىككىنچى تۇغۇتىدىن بۇرۇنقى مۇۋاپىق ۋاقىتتا جۇۋان توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلەتتى ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «جۇۋان» دەپ ئاتىلاتتى، جۇۋان توي مەشرىپى ئەنە شۇ جۇۋان تويى مۇراسىمدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مەشرەپتۇر.

جۇۋان تويىنى جۇۋان بولغۇچىنىڭ ئېرى ئۇيۇشتۇرىدۇ، تويدىن ئىلگىرى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى خېلى كۆپ تەييارلىقلارنى قىلىدۇ. يەنى جۇۋان بولىدىغان ئايالنىڭ جۇۋان توي مۇراسىمدا كىيىشى ۋە ياسىنىشى ئۈچۈن جۇۋانچە كۆڭلەك، جۇۋانچە پەرىجە، ئىراقى، چۇمبەل، غىجىم رومال، جۇۋانچە تەلپەك (ئايالچە كىچىك تەلپەك) قاتارلىق زىننەت كىيىملىرىنى تىكتۈرىدۇ ياكى سېتىۋالىدۇ. گويەك، ئەتمە چاچ، خېنە قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋالىدۇ. ھاللىق ئائىلىلەر يەنە ئالتۇن (ياكى كۈمۈش) زىرە، ئايخاڭ زىرە، (ئايخاڭزا)، بىلەزۈك، ئۈزۈك قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋالىدۇ.

جۇۋانچە كۆڭلەك: بۇ، ئۆرە ياقىلىق، ئۇزۇن بوي ئايالچە يېلىڭ كۆڭلەك بولۇپ، ياقا، ئارقا بوي، ئالدى بوي، يەڭدىن ئىبارەت تۆت بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ. ئومۇمەن ئاق رەڭ، ناۋاترەڭ، قايماقرەڭ شايى، دەييارە، دەمبىزە قاتارلىق رەختلەردىن پىچىپ تىكىلىدۇ. بوي ئۇزۇنلۇقى ھوشۇق ئۈستىگە قەدەر بولىدۇ. ياقا ئالدى چېكى ئەمچەك ئوتتۇرىسىدا توختايدۇ، ئالدى ياقىسى پەش ياقا (سول ياقا ئوڭ تەرەپ ياقىنىڭ ئۈستىنى يېپىپ تۇرىدىغان) تىكىلىپ، پەش ياقا ئوتتۇرىسىغا بىر تال پاس ـ پاس قادىلىدۇ، ئوڭ ـ سول ھەر ئىككى پەشىنىڭ سىرتىغا (ئەمچەك ئۇدۇلىغا) ئىزما تىكىلىدۇ.

بۇ يەردە دېيىلۋاتقان ئىزما كىيىم تۈگمىلەيدىغان ئىزما بولماستىن، پەرىجىنىڭ مەيدە سىرتىغا تىكىلىدىغان

يايى شەكىللىك بېزەكنى كۆرسىتىدۇ. ئىزما، تورلىما ئىزما ۋە پىچما ئىزما دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. تورلىما ئىزما رەڭلىك يىپنى ئىلمەكلىك تۆمۈر خىپچىدا تورلاپ توقۇپ تەييارلىنىدۇ. بۇ خىل ئىزما بىر قەدەر نەپىس بولىدۇ. پىچما ئىزما رەڭلىك رەختنى ئۆلچەم بويىچە قايچا بىلەن پىچىپ تەييارلىنىدۇ. نەپىسلىكى تورلىما ئىزمىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ. قايسى خىلدىكى ئىزما بولمىسۇن، يايى (ئەگرى) شەكىللىك، كەڭلىكى بىر سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ھەر بىر مەيدىگە مۇشۇنداق ئىزمىدىن يەتتە دانىسى يايى ئويمنى يۇقىرىغا قارىتىپ قاتار قىلىپ تىكىلىدۇ. ئىزما ئۇزۇنلۇقى پەرقلىق بولۇپ، ئەڭ ئۈستىدىكى ئىزمىنىڭ خوردا ئۇزۇنلۇقى ئون سانتىمېتىر، ئەڭ ئاستىدىكى ئىزمىنىڭ خوردا ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئىزمىنىڭ باش ئۇچى (قولتۇق تەرەپ) توغرا كەسمە يۈزى تۈز، قۇيرۇق ئۇچى (پەش تەرىپى) ئۇچلۇق بولىدۇ. پاراللېل ھالدا تىكىلگەن يەتتە تال ئىزمىنىڭ ئارىلىقلىرىدا يېرىم سانتىمېتىردىن بوشلۇق قالدۇرۇلىدۇ، بۇ بوشلۇقتىن پەرىجىنىڭ ئەسلى رەڭگى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، جۇۋانچە كۆڭلەك ئىزمىلىرى كۆپىنچە جىگەر رەڭلىك، قىسمەنلىرى سۇس قىزىل رەڭلىك بولىدۇ.

جۇۋانچە كۆڭلەكنىڭ بىرلا مەيدىسىگە يەتتە تال ئىزما تىكىلىپ، يەنە بىر مەيدىسىگە ئىزما قادالمايدىغان بىر خىل تۈرىمۇ بار. بۇنىڭ سەۋەبى ئېنىق ئەمەس، ئەمما بۇنداق جۇۋانچە كۆڭلەكلەر ئاز ئۇچرايدۇ. جۇۋانچە كۆڭلەكنىڭ قىزلار جۇۋانچە كۆڭلىكى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل نۇسخىسى بولۇپ، بۇ خىل كۆڭلەكنى توي قىلمىغان قىزلار ياكى سېكىلەكلەر ماتەم ـ مۇسىبەت ئىشلىرىدا كىيىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىزمىسى يەتتە تال بولماستىن، بەش تال بولىدۇ، ئىزما رەڭگى سۇس قىزىل رەڭلىك بولىدۇ.

جۇۋانچە پەرىجە: بۇ، ئالدى ئوچۇق، پۈتۈن ئەستەرلىك ئۇزۇن كىيىم بولۇپ، تېگى چوقۇم قارا رەڭلىك تاۋار، دەمبىزە، دۇردۇن قاتارلىق رەختلەردىن تىكىلىدۇ. بوي، ئۇلۇك، سول پەش، پەۋاز، يەڭ قاتارلىق بۆلەكلەردىن تۈزۈلىدۇ. ئايرىم ياقا سېلىنمايدۇ. ياقا ئورنى، ئالدى پەش گىرۋەكلىرى، ئېتەك چۆرىسى، يەڭ ئۇچلىرى پۈتۈنلەي چاچرەڭ (سۇس ھاۋا رەڭ) رەخت بىلەن پەۋازلىنىدۇ. پەۋازنىڭ سىرت كەڭلىكى ئىككى سانتىمېتىر، ئىچ ياندۇرمىسى ئۈچ سانتىمېتىر بولىدۇ. ئىككى تەرەپ مەيدە قىسمىغا چوقۇم چاچرەڭ رەختتىن پىچىلىدىغان يەتتە تالدىن ئىزما تىكىلىدۇ. ئىزما كەڭلىكى جۇۋانچە كۆڭلەك ئىزمىسىدىن سەل كەڭرەك (بىر يېرىم سانتىمېتىر) بولىدۇ. ئىزما ئۇزۇنلۇقى، شەكلى، ئىزما ئارىلىقلىرى ئۆلچىمى جۇۋانچە كۆڭلەكنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ. جۇۋانچە پەرىجىگە يانچۇق چىقىرىلمايدۇ، تۈگمە قادالمايدۇ. بۇ خىل كىيىم كۈز، قىش پەسىللىرىدە جۇۋان تويى بولغاندا كىيگەندىن سىرت، كۆپىنچە ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىدا ئاق ياغلىق، ئايالچە كىچىك تەلپەك بىلەن بىر يۈرۈش قىلىپ كىيىلىدۇ، بۇنداق چاغدا بەل ئاقلىقى باغلىنىدۇ، بۇلاردىن ئۆزگە ئاممۇۋى سورۇنلاردىمۇ كىيىلىدۇ، ئەمما ئاقلىق باغلانمايدۇ.

ئىراقى: بۇ بىر خىل كەشتە گۈللۈك، ئۇزۇن گالستۇك بولۇپ، كەڭلىكى 15 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى ھەركىمنىڭ بوي ئۇزۇنلۇقىغا قاراپ، جۇۋانچە پەرىجە ئۇزۇنلۇقى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئاق رەختكە ھەر خىل رەڭدار يىپەك يىپلاردىن كەشتە تىكىپ تەييارلىنىدۇ. كەشتە گۈل ـ نۇسخا شەكىللىرى ھازىرقى كانۋاي كۆڭلەك كەشتە گۈللىرىگە ئوخشاش بولىدۇ. ئىككى ئۇچىغا رەڭدار يىپەك يىپلاردىن چۇچا (پۆپۈك) چىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن كۆرۈنۈشى ئۇزۇن شارپىغا ئوخشاش بولۇپ، جۇۋانچە پەرىجىنىڭ سىرتىدىن بويۇننى ئايلاندۇرۇپ سېلىپ، ئىككى ئۇچى كۆكسى ئۈستىدە ياندىشتۇرۇلۇپ، تاكى جۇۋانچە كۆڭلەك ياكى پەرىجە ئېتەك قىرىغا قەدەر سوزۇلىدۇ. 1864 ـ يىلى خوتەندە بولۇنمە ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان ھەزرىتى ھاجىم (ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجىم) نىڭ رەپىقىسى ئاخۇنئاغىچا خېنىمنىڭ پەرىجىسى ۋە ئىراقى خەلق ئارىسىدىن يىغىۋېلىنغان بولۇپ، ھازىر خوتەن مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئىراقى جۇۋان تويىدا سېلىنغاندىن ئۆزگە، ھېيت ـ ئايەم، چوڭ توي مۇراسىملىرى ۋە مەشرەپلەرگە بارغاندىمۇ سېلىنىدۇ، مۇسىبەتتە سېلىنمايدۇ.

چۇمبەل: بۇ نامەھرەمدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يۈزگە تارتىلىدىغان چۇمبەردە بولۇپ، كەڭلىكى 25 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 35 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۇ، چۇمبەل تىغى، پەۋاز، چۇچا، چۇمبەل بېغى قاتارلىق بۆلەكلەردىن تۈزۈلىدۇ. چۇمبەل تىغى ئاق رەڭلىك شايى رەختنىڭ

ئۇزۇن ۋە توغرا بويىدىن ھەر تۆت ـ بەش نەخ ئاتلىتىپ، يەنە تۆت ـ بەش نەخ يىپنى سوغىرىۋېتىپ، كاتەكچە ھالەتكە كەلتۈرگەندىن كېيىن، قالغان يىپلار ئاق ياكى ناۋات رەڭ مەشۇت يىپ بىلەن تورلاپ ھەمداپ تەييارلىنىدۇ. ئۈستۈنكى توغرا بويىغا بەش سانتىمېتىر كەڭلىكتە قارا يىپەك رەختتىن ئىككى قات پەۋاز تۇتۇلۇپ، پەۋازنىڭ ئىككى يان بويىغا سۇس سېرىق يىپتىن تۇمارچە چىشلىق تاغاقسىمان نەقىش گۈللەر كەشتىلىنىدۇ، پەۋازنىڭ ئىككى بېشىغا يېرىم سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى رەخت تاسمىدىن ھالقىسىمان چۈمبەل بېغى ئورنىتىلىدۇ.

چۈمبەلنىڭ ئىككى يان بويى ۋە ئاستىنقى توغرا بويىغا سۇس سېرىق رەڭلىك ياكى ناۋات رەڭلىك يىپەك چۇچا تۇتۇلىدۇ. چۇچا يىلتىزى چۈمبەل قىرىغا سۇس پور رەڭ يىپتىن يېرىم سانتىمېتىر كەڭلىكتە كەشتە جىيەك تىكىش ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. چۈمبەل تىغىنىڭ تۆشۈكچىلىرى بىر مىللىمېتىر چوڭلۇقتا بولۇپ يۈزگە تارتىلغاندا، چۈمبەل تارتقۇچى ئايال سىرتقى مۇھىت ۋە ئادەملەرنى غۇۋاراق كۆرەلەيدۇ، سىرتتىكى ئادەم ئۇ ئايالنىڭ چىرايىنى كۆرەلمەيدۇ، چۈمبەل جۇۋان تويىدا تارتىلغاندىن سىرت، بىۋاستە ئەر تۇغقانلىرىدىن ئۆزگە يات ئەرلەر بولغان ھەرقانداق سورۇنغا بارغاندا تارتىشقا ئىشلىتىلىدۇ، ئەگەر چۈمبەل تارتىلمىسا، ياغلىق ئارقىلىق كۆزىدىن باشقا جايلىرىنى يۆگەپ روپاش بولىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى خوتەندە ئاياللارنىڭ جۇۋان بولۇشى، چۈمبەل تارتىشى ياكى روپاش بولۇشى ناھايىتى ئومۇملاشقان بولۇپ، جۇۋانچە كىيىم، ئىراقى، چۈمبەل قاتارلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش خېلى تەرەققىي قىلغان. خوتەن شەھىرىدە مەخسۇس شۇ خىل مەھسۇلاتلار سودىسى بولىدىغان بىر كوچا بولۇپ، «ئىزما كوچىسى» ياكى بەزىدە «چۈمبەل كوچىسى» دەپ ئاتىلاتتى. ئورنى ھازىرقى خوتەن چوڭ جامەسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە بولۇپ، شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ھازىر بۇ كوچىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى.

غىجىم رومال: بۇ كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقى 1×1 ياكى 1.5×1.5 مېتىر كېلىدىغان، يىپەك ياكى يۇڭ يىپتىن قېلىنراق توقۇلغان چوڭ ياغلىق بولۇپ، رەڭگى ھەر خىل رەڭدە بولىدۇ. تۆت تەرىپىدىن ئۇزۇنراق چۇچا چىقىرىلىدۇ. كۆپىنچە كۆز، قىش پەسىللىرىدە ئارتىلىدۇ. باھار، ياز كۈنلىرى كۆپىنچە نازەك ياغلىق ئارتىلىدۇ. نازەك ياغلىق ئاق رەڭلىك بۆز ياكى يىپەك رەختتىن نېپىز توقۇلىدۇ. چوڭلۇقى 1×1 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، ياغلىق ئۈستىگە ئاق يىپەك يىپ ئارقىلىق تۆت پەرە ياكى بەش پەرە چېچەك شەكىللىك گۈللەر كەشتە قىلىپ تىكىلىدۇ. بۇنداق گۈللەر «نازەك گۈل» دېيىلىدۇ، شۇڭا بۇنداق ياغلىقلار «نازەك ياغلىق» دېيىلىدۇ. نازەك ياغلىقنىڭ تۆت تەرىپىگە بىر قىسىم ئارقاق، ئۆرۈش يىپلارنى سۇغىرىۋېتىش ئارقىلىق قىسقا چۇچا چىقىرىلىدۇ، غىجىم رومال بىلەن نازەك ياغلىق جۇۋان تويىدا ئارتىلغاندىن ئۆزگە، يەنە چوڭ توي، ھېيت ـ ئايەم، مەشرەپ قاتارلىق ئاممىۋى سورۇنلارغا بارغاندا ئارتىلىدۇ.

جۇۋانچە تەلپەك (ئايالچە كىچىك تەلپەك): بۇ خىل تەلپەكنىڭ شەكلى كىچىك پىيالىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى ئون سانتىمېتىر، چوققىسىنىڭ دىئامېتىرى ئۈچ ـ تۆت سانتىمېتىر كېلىدۇ، قاسقان، كىرپىك، تۆپىلىك، تاشتىن ئىبارەت تۆت بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ، بۇ خىل تەلپەكنىڭ قاسقىنى چۈشۈپ كەتكەن قوزىنىڭ قارا كۆرپە تېرىسىدىن تىكىلىدۇ. موي ئۇزۇنلۇقى يېرىم سانتىمېتىردىن ئاشمايدۇ، تۆپىلىك (ئىچ ئەستەر) قىسمى مويسىز ياكى ناھايىتى قىسقا مويلۇق قوي تېرىسىدىن تىكىلىدۇ، قاسقان بىلەن تۆپىلىكنىڭ تۇتاشقان جايىغا موي



2006.3

ئۇزۇنلۇقى بىر سانتىمېتىر كېلىدىغان قارا قوزا كۆرپىسىدىن كىرپىك تۇتۇلىدۇ، تەلپەك چوققىسى قارا ياكى يېشىل تاۋار بىلەن تاشلىنىدۇ، بەزىدە تاشنىڭ تىكىش ئارىسىغا قىزىل مەخمەلدىن تۇمارچە قوشۇپ تىكىلىدۇ. بۇنداق تەلپەكلەرنى كىيىش كېرىيە، چىرا، نىيە، چەرچەن ناھىيەسىدىكى ئاياللار ئارىسىدا ئىنتايىن ئومۇملاشقان. كىيگەن ۋاقىتدا باشنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئىلگەك يىڭنە بىلەن سەل سىڭايان ھالەتتە قاداپ قويۇلىدۇ، قاراقاش، خوتەن قاتارلىق جايلاردىمۇ بۇرۇن جۇۋان بولغان ئاياللارنىڭ كىچىك تەلپەك كىيىدىغان ئادىتى بار ئىدى، تەلپەك شەكلى يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولسىمۇ، ئۆلچىمى ئۇنىڭدىن سەل چوڭ ئىدى.

گويەك: بۇ ئۆرۈمە چاچقا ياندىشتۇرۇپ ئىسلىدىغان چاچ بېزىكى بولۇپ، بەزى جايلاردا «چاچتەڭگە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ماتېرىيال پەرقىگە ئاساسەن ئالتۇن گويەك ۋە كۈمۈش گويەك دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. گويەك بېغى گويەك ۋە پۆپۈكتىن تەركىب تاپىدۇ. يەنى بەش نەختىن ئون نەخكىچە بولغان پىششىق تورلانغان يىپقا ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان تۆشۈك مۇنچاق، رەڭدار كىچىك مارجان، چوڭ مارجان، ئالتۇن ياكى كۈمۈش ئالتە پەرە گۈل، كىچىك مارجان، چوڭ مارجان، ئالتۇن ياكى كۈمۈش گويەك قۇلۇپى رەت تەرتىپى بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ، گويەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، گويەك قۇلۇپىنىڭ ئاستىغا ھەر خىل رەڭدىكى پۆپۈك ئورنىتىلىدۇ. پۆپۈك ئۇزۇنلۇقى 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، گويەكنىڭ باش تەرىپىگە گويەك بېغى چىقىرىلىدۇ، ئالتۇن ياكى كۈمۈش گويەك بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ھەر ئىككى دانىسى بىر يۈرۈش ياسىلىدۇ، مۇنچاق، مارجان، قۇلۇپ قاتارلىقلارنىڭ رەڭگى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، تىزىلىش تەرتىپى ئوخشاش بولىدۇ (سۈرەتكە قارالسۇن).

ئەتمە چاچ: ئاياللارنىڭ چۈشۈپ كەتكەن ياكى چۈشۈرتۈۋەتكەن ئۇزۇن چاچلىرىنى رەتلەپ چاچ يىلتىزىنى بىرلەشتۈرۈپ، كىچىك بارماق چوڭلۇقىدا تەييارلانغان چاچ بولۇپ، چېچى ئاز ئاياللارنىڭ ئۆز چېچىغا قوشۇپ ئۆرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان يالغان چاچ بولۇپ، ئادەتتە «يالغان چاچ» دېيىلمەي، «ئەتمە چاچ» ياكى «ئەتمە» دېيىلىدۇ، ئەتمە چاچ سېلىش «ئەتمە سېلىش» دېيىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا جۇۋان بولىدىغان ئايال جۇۋان تويىدىن ئىلگىرى يۈزىنى يېپلايدۇ، يۈزىنى يېپلاش ـ بىر تال ھالقىسىمان بۆز يىپنى ۋاستە قىلىپ، پېشانە، چېكە، قاپاق، مەڭىز، ئاستىن ـ ئۈستۈن ئېڭەكلەردىكى سېرىق تۈكلەرنى ۋە قاشنىڭ ئاستى ـ ئۈستىدىكى رەتسىز مۇيلارنى يۇلۇپ تاشلاش دېگەنلىك بولۇپ، بەزى جايلاردا «قاپاق تېرىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۈزنى يېپلاشتا پىششىق ئىگىرىلگەن 80 سانتىمېتىرلىق بىر تال بۆز يىپنىڭ ئىككى ئۇچى بىرلەشتۈرۈلۈپ چىگىلىپ، ھالقا ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن ھالقىنىڭ ئوتتۇرىسى بىر ـ بىرىگە بىر نەچچە ئالماپ يىپ شەكلى «8» رەقىمى شەكلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىككى قولنىڭ باش ۋە كۆرسەتكۈچ بارماقلىرى ھالقىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۆتكۈزۈلۈپ، يىپ تېنى تۆت بارماققا ئايرىم ـ ئايرىم ئايلاندۇرۇپ بېكىتىلىدۇ. يىپ گەۋدىسىنى ئىككى تەرەپكە سوزۇپ چېڭىتىلىدۇ. شۇ ھالەتتە يىپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ـ بىرىگە ئالمانغان (مىنگەشتۈرۈلگەن) قىسمى يۈزنىڭ مۇيى تازىلانماقچى بولغان يېرىگە تەگكۈزۈلۈپ، بارماقلار ئېچىلىش ـ يۇمۇلۇش شەكلىدە سەركەش ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. نەتىجىدە يىپنىڭ ئالمانغان جايى ئوڭ ـ سولغا تولغانما ھەرىكەت قىلىدۇ، ئالمانغان ئىككى تال يىپنىڭ تولغانما ھەرىكىتى داۋامىدا يۈزدىكى سېرىق مۇي ۋە رەتسىز تۈكلەر يىپقا يۆگىشىپ يۇلۇنۇپ چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن چىراي گۈزەللەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

بۇ خىل ئۇسۇلدا چىراي گۈزەللەشتۈرۈش جۇۋان تويىدىن باشلىنىدۇ. جۇۋانلىق دەۋرىگە يەتمىگەن قىز ـ سېكىلەكلەرگە قوللىنىلمايدۇ، جۇۋان تويىدىن كېيىن ئۆمۈربويى داۋاملاشتۇرۇلىدۇ، ئومۇمەن بىرەر ئايدا بىر قېتىم يېپلىنىدۇ، يۈز يېپلاشنى دەسلەپتە تەجرىبىلىك ئاياللار ئىشلەپ بېرىدۇ، يېڭى جۇۋانلار بىر نەچچە قېتىم مەشىق قىلغاندىن كېيىن، تەجرىبە توپلاپ پىشىدۇ ـ دە، ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ، ئۆز چىرايىنى ئۆزى يېپلايدۇ.

جۇۋان تويىدىكى قائىدە ـ يوسۇنلار: جۇۋان تويىغا چاقىرىلغان مېھمانلار كۆپ بولمايدۇ. ئادەتتە ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ يېقىن تۇغقانلىرى، يېقىن دوستلىرى، يېقىن قوشنىلىرىدىن 50 نەپەر ئەتراپىدا مېھمان چاقىرىلىدۇ. سازەندىلەر تەكلىپ قىلىنىدۇ. مېھمانلار كېلىشتىن

بۇرۇن، جۇۋان بولىدىغان ئايالنىڭ چېچى ئىككى ئۆرۈم ئۆرۈلىدۇ (چېچى ئاز ياكى قىسقا بولسا، ئەتمە سېلىپ ئۆرۈلىدۇ). يۈزى يېپىلىنىدۇ، ئۈپا سۈرۈلىدۇ، قېشىغا ئوسما قويۇپ، كۆزىگە سۈرمە تارتىلىدۇ. تىرناقلىرىغا خېنە قويۇلىدۇ. جۇۋانچە پەرىجە كىيدۈرۈلىدۇ، ئۈستىدىن ئىراقى سېلىنىدۇ. چېچىغا گويەك سېلىنىدۇ، بېشىدىكى غىجىم رومالنىڭ ئۈستىگە جۇۋانچە تەلپەك قادىلىدۇ. بۇ تەييارلىقلار تۈگەپ، دەسلەپكى مېھمانلار كېلىشتىن ئىلگىرى چىرايلىق زاكىلانغان بالىسى بىلەن بىللە ئايۋاننىڭ مەخسۇس تەييارلانغان سۇپىسىغا ياتقۇزۇلىدۇ.

مېھمانلار ئاساسەن كېلىپ بولغاندا، ئۇلارغا ئۈچتىن ئارتۇق داستىخان سېلىپ كۈتۈلىدۇ، ئادەتتە ئاۋۋال چاي بىلەن نان ـ توقاچلار، ئاندىن مانتا، چۆچۈرە قاتارلىق قىيمىلىق تاماقلار بىلەن، ئاخىرىدا پولۇ ياكى شورپا بىلەن داستىخان سېلىنىدۇ. تاماق يېيىلىپ دۇئا قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆي ئىگىسى تەكلىپ قىلغان مېھمانبېشى سۆز قىلىپ «××× خېنىم ساق ـ سالامەت يەڭگىپ تۇنجى پەرزەنت كۆردى، بۈگۈن جۇۋان تويى ئۆتكۈزدۇق، ئۇنىڭ جۇۋان بولغانلىقىغا مۇبارەك بولسۇن، يېڭى تۇغۇلغان پەرزەنتىمىز ××نىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، دۆلىتى زىيادە بولسۇن، بۇ ئۆيگە قۇت ـ بەرىكەت ياغسۇن» دەيدۇ. بۇ چاغدا باشقا مېھمانلارمۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا: «مۇبارەك بولسۇن» دەيدۇ. دۇئا قىلىپ بەخت تىلەيدۇ، ئاندىن ھەممەيلەن جۇۋان تويىغا ئاتاپ ئەكەلگەن سوۋغاتلىرىنى قويىدۇ. يېقىن تۇغقانلىرى جۇۋاننى باشتىن ـ ئاخىر بىر قۇر يېڭى كىيىم بىلەن قۇتلۇقلايدۇ، باشقىلار بىر تال كىيىم ياكى بىر كىيىملىك رەخت قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن مۇبارەكلەيدۇ، بۇ ئىشلار ئاخىرلاشقاندا مېھمانبېشى جۇۋان تويى مەشرىپى باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سازەندىلەر نەغمە باشلايدۇ.

جۇۋان توي مەشرىپىنىڭ ۋاقتى ئۇزاق بولمايدۇ. شۇڭا سازەندىلەر چاچما ئۇدارلىق باشلىنىش مۇزىكىسىنى چالماي، بىۋاستە مەشرەپ ئۇسسۇل پەدىلىرىگە چالىدۇ. كەيپىيات تېزلا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ، يەككە ۋە كوللېكتىپ ئۇسسۇللار ئوينىلىدۇ، بۇنداق مەشرەپتە يېقىن تۇغقانلار جەم بولىدىغانلىقى ئۈچۈن چاقچاق، قىزىقچىلىق، بېيىت ئوقۇش، ئويۇن ياساش قاتارلىق نومۇرلار ئورۇندالمايدۇ،



جازا بېرىش ئىشلىرىمۇ بولمايدۇ، ئادەتتە بىرەر سائەت مەشرەپ قىزىتىلغاندىن كېيىن ئاخىرلىشىدۇ، مەشرەپنىڭ بارلىق چىقىمىنى جۇۋاننىڭ ئائىلىسى ئۈستىگە ئالىدۇ.

جۇۋان تويىنىڭ بۇنىڭدىن ئاددىيراق بولغان يەنە بىر خىل شەكلىمۇ بار. جۇۋان توي ئۆتكۈزۈشكە ئىقتىسادىي جەھەتتىن قۇربى يەتمەيدىغان ئەرلەر ئايالىغا بىر قۇر كىيىم، يەنە جۇۋانچە پەرىجە، رومال، جۇۋانچە تەلپەك، چۇمبەل ئېلىپ بېرىدۇ، روزى ھېيت ياكى قۇربان ھېيتنىڭ ھارپا كېچىسى جۇۋان بولىدىغان ئاياللار جۇۋانچە كىيىنىپ، باشقا ئاياللار بىلەن بىرلىكتە ھېيت نامىزى ئوقۇلىدىغان چوڭ مەسچىتلەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئېتىكاپخانا ياكى دۇئاخانا قاتارلىق ئۆيلەردە خەتمە، ھۆكمەت ئوقۇپ تۈنەپ چىقىدۇ. ھېيت ئەتىگىنى ئەرلەر ھېيت نامىزىدىن يانغان پەيتتە، جۇۋان بولغۇچىنىڭ ئېرى ئايالىنى جۇۋانچە كىيىنگەن، چۇمبەل تارتقان ھالەتتە ياخشى جابدۇلغان ئاتقا مىندۈرۈپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئۆزى تۇتۇپ 40 — 50 قەدەم يەرگە يېتىلەپ بارىدۇ (ئاتنى ئارىيەتكە ئالسا بولىدۇ). ئەتراپتىكى جامائەت: «مۇبارەك بولسۇن!» دېيىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جۇۋان بولۇش رەسمىيىتى ئادا بولغان ھېسابلىنىپ، نۇرغۇن چىقىم تېجەپ قېلىنىدۇ.

ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدا

ئىچ بەتتىكى قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئۆركەش جاپپار، مەتتوختى بارات، پەرھات ئىبراھىم، ئۇچقۇن راخمان قاتارلىقلار تەمىنلىگەن.

## يول ـ يول بۇلۇتلار ياغىدۇ

يۇرتقا بارمىغىلى خېلى يىللار بولغانىكەن، بۇ
قېتىم يۇرتقا يول ئېلىش بىلەنلا يۈرىكىم ئويناپ
كەتتى.
يول بو-
يى توخ-
تىماي
هاياجاند-
لىناتتىم.
ئۈزۈن يوللۇق
ئاپتوبۇس چۆشكە يې-
قىن شەهەرگە ئاپىرىپ تاش-
لىدى، ئەمدى ئۇ يەردىن
سەهراغا مېڭىشىم كېرەك
ئىدى. مەن خادىكتىن بىرنى كىرا
قىلدىم، يول بويلىرىنىڭ مەنزىرد-
سىنى كۆرۈپ ماڭاي دېگەنىدىم.
ـــ يامغۇر ياغىدىغان بول-
دى، ـــ دېدى خادىكچى. ئۇ ئاتمىشلار-
دىن هالقىغان ئادەم ئىكەن.
ـ قانداق دەيسىز؟ ـ سورىدىم ئۇ-
نىڭدىن ئەجەبلىنىپ.
ـــ قاراڭ ئاۋۇ بۇلۇتلارغا، بۇنداق
يول ـ يول كەلگەن بۇلۇتلار ياغىدىغان بۇ-
لۇتلاردۇر.
ـــ قىزىق گەپ، بەزىدە ئاسماننى قاپلاپ
كەتكەن قويۇق بۇلۇتلارمۇ ياغماي ئۆتۈپ كېتە-
دىغۇ؟!
ـــ ئۇنى بىلمەيمەن، ئەمما بوۋام رەهمەتلىك
دائىم مۇشۇنداق يول ـ يول بۇلۇتلا يامغۇرنىڭ
شەپىسى دەيتتى.
خادىكچى مېنى نىشانىمغا يەتكۈزۈپ قويۇپ
قايتىپ كەتتى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن جەم
بولغاندىن كېيىن بايىقى گەپلەرمۇ ئۇنتۇلدى. لې-
كىن ئەتىسى سەهەردە هويلىغا چىقسام سىمىلداپ
يامغۇر يېغىۋاتقانىكەن.
ـــ راست ئىكەن ـ دە! ـــ دېدىم ئۆز ـ ئۆزۈم-
گە، ـ يول ـ يول چىقىپ كەلگەن بۇلۇتلار راست-
تىنلا يامغۇرنىڭ شەپىسى ئىكەن!

## پارقىراق قارا تاش

غېنىكام دەيدىغان بىر خاڭجا (كۆمۈر كېنى
ئاچقۇچى) بىر كۈنى چاقىرىپ كەپتۇ.
ـــ سەن كۆمۈركان گېئولوگىيىسىنى ئوقۇغان،
ئاۋۇ قۇرۇقساينىڭ بېرىسىدىكى قىسالڭ جىلغىدا
تاشلىۋېتىلگەن بىر كۆمۈر كېنى قۇدۇقى بار ئىدى.
شۇنى قايتا ئاچاي دېۋىدىم، بىللە بېرىپ كۆرۈ-
شۈپ بەرسەڭ، ـــ دېدى ئۇ.
ئىككىمىز تۆپۈلۈك ـ دۆمبەللەردىن هالقىپ
ئۆتۈپ چۈشكە يېقىن هېلىقى كان قۇدۇقىنى تاپ-
تۇق. قۇدۇقنىڭ ئەتراپىنى شۇۋاق ۋە قامغاق بې-
سىپ كەتكەنىكەن. قۇدۇق ئېغىزىنىمۇ ئۆس-
كىلەڭ شۇۋاقلار يېپىۋاپتۇ.
ـــ كۆمۈرى ناچارمىكىن ياكى
يولى ئەسكى بولغاچقا كۆمۈرى پۇل
بولمىدىمۇ، ئۇن نەچچە يىلنىڭ ئال-
دىدىلا تاشلىۋېتىلىپتىكەن، ـــ دېدى
غېنىكام.
بىز قۇدۇققا چۈشۈشنىڭ
ئامالىنى قىلالماي، بىر ئەگ-
رى جىلغىنى بويلاپ
ماڭغان يول بىلەن
قايتتۇق. بۇ جىلغىنىڭ
بەزى يەرلىرى تار، بە-
زى يەرلىرىنى سۇ كو-
لاپ يار قى-
لىۋەتكەنى-
كەن.
ـــ بول-
دىلا، ـــ دې-
دى غېنىكام
بىر دۆمبەل-
دىن بۇياققا
ئۆتكەندىن كېيىن. بۇ قۇدۇقنى قايتا ئاچقىنىم
بىلەن، يولنى ياساپ بولغۇچە ئېسىمدىن

ئەركىن سابىر

كەتكىدەكمەن...

—شۇڭا تاشلىۋېتىلگەن قۇدۇق بولسا كېرەك،—دېدىم مەنمۇ.

—مانىڭغا قارا،—غېنىكام يەرگە ئېڭىشىپ، بىر تال تاشنى ئېلىپ ماڭا كۆرسەتتى. ئۇ ئادەتتىكى تاشقا ئوخشىمايدىغان بولۇپ، قاپقارا ھەم پارقىراق ئىدى،—چوڭلار مۇشۇنداق قارا، پارقىراق تاش بار يەرنىڭ ئاستىدا كۆمۈر بولىدۇ دەيدىغان. مۇشۇ يەرلەردىنمۇ كۆمۈر چىقىپ قالغۇدەك جۇمۇ.

—دېگىنىڭ بەلكىم راستتۇ،—دېدىم مەن شۇنداق تاشتىن يەنە بىر تالنى قولۇمغا ئېلىپ،—بۇ تاغنىڭ غەربىدىكى كان قۇدۇقلىرى بىلەن شەرقىدىكى كان قۇدۇقلىرىنىڭ جايلىشىش يۆنىلىشىدىن قارىغاندا، چوقۇم تومۇرى بىر تۇتاش. چۈنكى كۆمۈرلۈك تومۇرسىمان ھالەتتە مەلۇم يۆنىلىش بويىچە ياتقان بولىدۇ.

غېنىكام گېپىمگە ھاياجانلىنىپلا كەتتى. ئۇ شۇ يىلى كۈزدە ھېلىقى قارا، پارقىراق تاش تېپىلغان يەرگە كان قۇدۇقى قېزىپتۇ، بىراق نەق تومۇرىغا چۈشەلمىگەنمۇ، بىرەر يىلچە كۆمۈر تارتقاندىن كېيىن، قازىدىغان كۆمۈرى تۈگەپ، قۇدۇقى تاقىلىپ قاپتۇ. ئەمما ماڭا ئايان بولدىكى، ھېلىقىدەك قارا، پارقىراق تاش تېپىلغان يەردىن كۆمۈر چىقىدىغانلىقى راست ئىكەن. ئاتا-بوۋىلىرىمىز نېمە دېگەن ئەقىللىق-ھە؟!

**چىغىرتماقنىڭ يىلتىز توپىسى**

ئاپام كىچىك ئىنىمغا ئېغىر ئاياغ ۋاقتىدا بەدىنىنى يەل چىرمىۋېلىپ، تۆت كېچە-كۈندۈز مىدىرلىيالماي ئولتۇرۇپ قالدى. ياتالمايتتى، يا پۇتلىرىنى سۇنالمايتتى.

- بالام، يېقىن ئەتراپتا چىغىرتماق بارمىدۇ؟- دېدى مومام ئاپامنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ.

—بار، مەكتەپنىڭ بېغىدا كۆرگەنىدىم...

—ئۇنداق بولسا ھازىرلا مەكتەپنىڭ بېغىغا بارغىن-دە، چىغىرتماقنى كولاپ، يىلتىز توپىسىنى ماۋۇ لاتىغا قېقىپ كەلگىن،- دېدى مومام.

مەن مومامنىڭ دېگىنىدەك قىلدىم. مومام چىغىرتماقنىڭ يىلتىز توپىسىدىن ئازراقنى جاۋۇرغا تۆكۈپ لاي قىلغاندىن كېيىن، ئاپامنىڭ بەل تەرىپىگە سۇۋاپ قويدى. ئارىدىن ئىككى سائەتلەر ئۆتكەندىن كېيىن، ئاپام پۇتلىرىنى سۇنالايدىغان بولدى.

—دېگىنىمدەك ئىسسىق يەل ئىكەن!- دېدى مومام. ئاندىن ھېلىقى ئېشىپ قالغان چىغىرتماقنىڭ يىلتىز توپىسىنىڭ ھەممىسىنى لاي ئەتتى ۋە ئاپامنىڭ بەدىنىنىڭ تۆۋىنىگە سۇۋىدى. ئاپام ئەتىسىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. مومام ماڭا چۈشەندۈرۈپ تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەردى:

—چىغىرتماقنىڭ يىلتىز توپىسى سوغۇق بولىدۇ. شۇڭا بەدەننى چىرماپ كەتكەن ئىسسىق يەلنى تارقىتىۋېتەلەيدۇ. لېكىن ئاۋۋال ئازراق سۇۋاپ سىناپ بېقىش كېرەك، ئەگەر سوغۇق يەل بولسا بەدەننى تېخىمۇ چىرمايدۇ، ئۇ چاغدا باشقىچە ئۇسۇلنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

مەن مومامنىڭ دېگەنلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغان بولساممۇ، ئۇ چاغلاردا كىچىك بولغىنىم ئۈچۈن، بەدەننى سوغۇق يەل چىرماپ كەتسە قانداق ئۇسۇلنى قوللىنىدىغانلىقىنى سوراپ ئىكەنمەن، بۇنىڭغا ھازىرمۇ ئۆكۈنىمەن.

ئاپتور: «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە

## تۈزىتىش

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

2006 - يىلى 2 - سان ژۇرنالىنىڭ 27 - بەت سول ئىستون يۇقىرىدىن 5 - قۇردىكى «يېقىنقى 10 يىلدىن بېرى» دېگەن سۆزنى «يېقىنقى 100 يىلدىن بېرى» دەپ ئوقۇشۇڭلارنى، 57 - بەتتىكى سۈرەتنى «ئابدۇشۈكۈر ئىمىنجان باھاۋۇدۇن تارىخ تەمىنلىگەن» دەپ بىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

# شىنجاڭ تور خەۋەرلىشىشى تۇتاشتۇرار قەلبلەرنى،
# باھاسى ئەرزان ئۇنىڭ قاندۇرار تەلەپلەرنى!

شىنجاڭ تور خەۋەرلىشىشى جاھاننى قاپلىغان، شىنجاڭ تور خەۋەرلىشىشى قۇرغان ئالاقە تورى شىنجاڭنىڭ زور ئالاقە تورىغا ھۆسن قوشقۇسى!

1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان شىنجاڭ زېمىنىدىكى ئالاقە تورى شىنجاڭ تور خەۋەرلىشىشى ئۆزلۈكسىز قۇرۇلۇۋاتقان تورنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تېخىمۇ زورايغۇسى، مۇكەممەللەشكۈسى، راۋانلاشقۇسى!

شىنجاڭ تور خەۋەرلىشىش تورى جۇڭگو تور خەۋەرلىشىشى گۇرۇھى شىركىتىنىڭ ھەر تەرەپكە تۇتاشقان تورى بىلەن زىچ بىرلەشكەن.

قىنى قاراپ باقايلى: جۇڭگو تور خەۋەرلىشىش گۇرۇھى شىركىتى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان كۆلىمى زور، يۇقىرى سۈرئەتلىك، ئۇزۇن يوللۇق يەتكۈزۈش تورىغا ئىگە ھەم خەلقئارا يەتكۈزۈش تورى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان ئالاقە تورىدۇر؛ جۇڭگو تور خەۋەرلىشىش گۇرۇھى شىركىتى يەنە پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان ئۇزۇن يوللۇق ئالماشتۇرۇش تورىغا، ئىلغار تېخنىكىلىق، زور كۆلەملىك يەرلىك سىفىرلىق تېلېفون ئالماشتۇرۇش تورىغا؛ ئىلغار تېخنىكىلىق، مۇكەممەل ئىقتىدارلىق، پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان سانلىق مەلۇمات ۋە كۆپ ۋاستىلىك، كەڭ بەلۋاغلىق ئالاقە تورىغا؛ بۇنىڭدىن سىرت پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان ئاقىل تور ۋە مەزكۇر رايون ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان يەرلىك ئاقىل تورغا ئىگە. جۇڭگو گۇرۇھى شىركىتى نۆۋەتتە دۇنيادا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئىلغار پەننىي ئالاقە تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، زور مەبلەغ سېلىپ، پۈتۈن يەر شارىنى تۇتاشتۇرغان ئاساسىي تورنى بەرپا قىلدى. جۇڭگودا سىفىرلىق ئالاقىنى قىسقارتىدىغان، دۇنيا ئۇچۇرلىشىشى بىلەن بولغان پەرقنى ئازايتىدىغان، چەكسىز ئالاقىلىك كۆۋرۈك ۋە بەلۋاغنى بەرپا قىلدى، جۇڭگو تور خەۋەرلىشىش گۇرۇھى شىركىتى شەكسىز كارخانا يادروسى، رىقابەت ئەمەلىي كۈچىگە تايىنىپ، جۇڭگو تېلېگرافى، جۇڭگو كۆچمە ئالاقىسى، جۇڭگو بىرلەشمە خەۋەرلىشىشى قاتارلىق بىر نەچچە ئاساسىي تېلېگراف شىركەتلىرى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو خەۋەرلىشىش بازىرى ۋە دۇنيا ئۇچۇر بوشلۇقىنى تولدۇرماقتا.

جۇڭگو تور خەۋەرلىشىش گۇرۇھى شىركىتىگە تەۋە شىنجاڭ تور خەۋەرلىشىشى باش شىركىتىنىڭ كۈچلۈك تور ئاساسىدا ئۆزىنىڭ تور قۇرۇلۇشى مۇساپىسىنى پائال ئىلگىرى سۈرمەكتە. شىنجاڭ تور خەۋەرلىشىشى 2002 ـ يىلى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىن تارتىپلا، ھەر بىر قەدەمنى پۇختا باستى، ئۆزلۈكسىز مەبلەغ، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ سېلىپ، ئۆزىنىڭ تور ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى زورايتىپ، ئۆزىگە خاس تور ئالاقە مەنبەسىنى شەكىللەندۈردى.

شىنجاڭ تور خەۋەرلىشىشى ھازىر زور كۆلەملىك يەتكۈزۈش تورىنى شەكىللەندۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ 16 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھىرىنى قاپلىدى ھەم دۆلىتىمىزنىڭ غوللۇق يەتكۈزۈش تورى بىلەن تۇتاشتى؛ مۇلازىمەتتى ئەلا تېلېفون ئالاقە تورى پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىدى؛ زور كۆلەملىك ئاقىل تورى ئومۇميۈزلۈك ئاقىلانە مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ تېخنىكىسى ئىلغار، مۇلازىمەت تۈرلىرى مول بولغان ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى كەڭ بەلۋاغ سانلىق مەلۇمات تورى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت ئاممىسىنىڭ كەڭ بەلۋاغ ئىنتېرنېت تور دەۋرىگە كىرىشىنى ياخشى شارائىت ۋە مۇستەھكەم ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

شىنجاڭ تور خەۋەرلىشىش زور كۆلەملىك تورى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، سىياسىي مۇقىملىقى، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن شانلىق كەلگۈسىنى بەرپا قىلغۇسى، شىنجاڭ تور خەۋەرلىشىشى گۈللەپ، ياشنىغۇسى!
















كۆڭۈل ھۇزۇرى -جۇڭگو تور خەۋەرلىششى دۇنيانى قاپلىغان
10060: جۇڭگو تور خەۋەرلىششى ئابونتلار مۇلازىمەت قىزىق لىنىيىسى
客服热线 10060
كۆڭۈل قويۇپ ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلدۇ، جۇڭگو
تورخەۋەرلىششى بىلەن ئابونتلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك ۋە ۋاستە
CNC 中国网通
Beijing 2008
北京2008奥运会合作伙伴
10060 ئالاھىدە مۇلازىمەت نومۇرى تور خەۋەرلىشش ئابونتلىرىغا ئۆز جايىدىكى تور دائىرىسىدە تېلېگراف ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەسپىي ئىشلاردىن مەسلىھەت بېرىدىغان، ئەرزلەرنى قوبۇل قىلىدىغان، توسالغۇلارنى ئوڭشاپ بېرىدىغان، بازار پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان، كۆڭۈلدىكىدەك مۇلازىمەت قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سەھنىسى.
مۇلازىمەت تۈرلىرىمىز:
ئابونتلار مۇلازىمەت قىزىق لىنىيىسى
客服热线 10060
كەسپىي ئىشلاردىن مەسلىھەت بېرىمىز
ئەرزلەرنى قوبۇل قىلىمىز
توسالغۇلارنى ئوڭشاپ بېرىمىز
بازار پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيمىز
كۆڭۈلدىكىدەك مۇلازىمەت قىلىمىز
جۇڭگو تور خەۋەرلىشش گۇرۇھ شىركىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى
中国网络通信集团公司新疆维吾尔自治区分公司



ئېلى ئىسمائىل سىزغان

# 美拉斯

# مىراس

## MIRAS (Heritage) of Uyghur Folk Culture


主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路22号文联14层) 电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I
国外统一刊号:ISSN1004—3829
代号:58—60 广告许可证号:6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
邮编:830001 定价:5.00元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMORT & EXPORT(GPOUP) CORPORATION.EXPORT DEPT.
16Gongti E.Road,Chaoyang District,P.O.Box88,Beijing 100020,PR China
E-Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel:0991-4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 - 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58 باھاسى: 5.00 يۈەن
E-mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى : 6500006000040